ئاتا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-روييۇڭ سامان بولماس.

يېڭى ھايات

НОВАЯ ЖИЗНЬ

1991 يىل 4 ئىيۇن سېيشەنبە № 66 (3159)

باھاسى 4 تىيىن

گېزىت 1970- يىلى 1- يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېيشەنبە، پەيشەنبە شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي- سىياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.

خخج دېلېگاتسىيەسىنىڭ سەپىرى

ئالمۇتىدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى جەمئىيەت بىخەتەرلىكى مىنىستىرلىكىنىڭ دېلېگاتسىيەسى رەسمىي سەپەر بىلەن بولۇۋاتىدۇ. مېھمانلار قازاقىستان س س ج ھوقۇق- تەرتىپ قوغداش ئورگانلىرىنىڭ ئىشى بىلەن تونۇشتى، ئالمۇتا ئوتتۇرا مەخسۇس مىلىتسىيە مەكتىۋىنى زىيارەت قىلدى، قاپچاغاي شەھرىدە بولدى.

دېلېگاتسىيە ئەزالىرىنى قازاقىستان س س ج نىڭ دۆلەت مەسلىھەتچىسى يۇ. ئا. خىترىن قوبۇل قىلدى. دوستانە شارائىتتا ئۆتكەن سۆھبەت داۋامىدا ئۇلار جۇمھۇرىيەتتە ھوقۇق ئىسلاھاتىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى توغرىلىق خەۋەردار قىلىندى، ھوقۇق- تەرتىپ قوغداش پائالىيىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا بولغان يانداشىشلار توغرىلىق پىكىر ئېلىشىش بولۇپ ئۆتتى. موشۇ يىلى خخج جەمئىيەت بىخەتەرلىكى ۋە قازاقىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش توغرىلىق كېلىشىم قولغا كەلتۈرۈلدى.

(قاز تاگ).

جۇمھۇرىيەت ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا كېتىپ بارىدۇ

م. س. گورباچېۋنىڭ قازاقىستاندا بولۇشىنى يورۇتۇۋاتقان گېزىتلار، ئەخبارات ئاگېنتلىقلىرىنىڭ، تېلېۋىدېنىيە ۋە رادىئونىڭ مەخسۇس مۇخبىرلىرى بىلەن بولغان ئىنتېرۋيۇسى.

ئىلگىرى خەۋەر قىلىنغىنىدەك، م. س. گورباچېۋ 28- مايدىن 30- ماي داۋامىدا قازاقىستاندا بولدى. س س ج ئى پرېزىدېنتى، س ئى ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى چىمكەنت ۋىلايىتى بويىچە سەپەردە بولغان ۋاقىتتا ژۇرناليستلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار قويغان سوئاللارغا جاۋاپ بەردى.

م. س. گورباچېۋنىڭ ئىنتېرۋيۇسىنى سىلەرنىڭ دىققىتىڭلارغا تەقدىم قىلىمىز.

— بەرتوپ كىنوفوتوگرافىستلار ھازىر «قازاقىستان: يولنى تاللاۋېلىش» ناملىق ھۆججەتلىك فىلمنى چۈشىرىشنى ئاياقلاشتۇرۇۋاتىدۇ. نېمە دېمەيلى، ئۇنىڭ نامى كەڭ مەنالىقتۇر. فىلم مۇئەللىپلىرى بۇ يېڭى لېنتىدا تاماشىبىنلارغا نېمە ھەققىدە بايان قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز، لېكىن ئۇ بىزنىڭ ھەر بىرىمىزدە ئۆزىمىزنىڭلا، شەخسىي تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى پەيدا قىلىدۇ. سىز س س ج ئى پرېزىدېنتى سۈپىتىدە موشۇ سۆزلەرگە قانداق مەزمۇن بېرىۋاتقىنىمىزنى بىلىشنى خالىغان بولار ئىدۇق؟

— ناھايىتى قىزىق سوئال. ئۇنىڭغا مەن مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن بولار ئىدىم. ئەگەر جۇمھۇرىيەت سۈپىتىدە قازاقىستاننىڭ ۋە ئۇنىڭ خەلقىنىڭ يولنى تاللاۋېلىشى توغرىلىق گەپ قىلساق، بۇ يول قايتا قۇرۇش، بەرپاكارلىق يېڭىلاش، ئېلىمىزدا ژۈرگۈزۈلۈۋاتقان چوڭقۇر ۋە تۈپ ئاساسلىق ئىسلاھاتلار بىلەن پۈتۈنلەي ۋە تولۇق ماسلىشىپ كەلمەكتە. مېنىڭ بىلىشىمچە، ھەم مەملىكەتتە، ھەم قازاقىستاندا شۇنداق ئۆكتەنىي نەزەردىن بۇ يول تاللاۋېلىنغان. مەن ئۇنىڭ ئەتراپىدا مۇنازىرىلەرنىڭ تېخىچە داۋام قىلىۋاتقانلىقىغا ھەيران قالمايمەن. خەلق كېرەك يولغا چۈشتۇقمۇ؟ دەپ مۇلاھىزە قىلماقتا. ئالدىمىزدا قويغان مەخسەتلەر توغرىمۇ؟ بىزنى بارلىق ئىشنى دېگەندەك قىلىۋاتىمىزمۇ؟ ئۇنىڭ ۋاقتى توغرا تاللاۋېلىنغانمۇ؟ كېچىكىۋاتىمىزمۇ ياكى ئالدىراۋاتىمىزمۇ؟ دەپ مۇلاھىزە قىلماقتا. بۇنىڭدا ھەممە نەرسە ساغلام ھالەتتە بولۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلايمەن. شۇنداق مۇنازىرىلەر بىز جەمئىيىتىمىزنى قايتا قۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنى ھەل قىلىشقا كىرىشكەنلىكىمىزنىڭ كۆرسەتكۈچىدۇر. شۇنى ھېساپقا ئېلىپ، مەن مۇنداق دەپ ئېيتقان بولار ئىدىم: ھازىر سوۋېت قازاقىستانىدا موشۇ يەردە ياشاۋاتقان ئادەملەر — ھەم قازاقلار، ھەم روسلار، ھەم ئۇكرائىنلار، ھەم نېمىسلار، ھەم باشقا بارلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان ئىشلار جۇمھۇرىيەتنىڭ ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا كېتىپ بارغانلىقىنى، ئۇلارغا سادىق ئىكەنلىكى توغرىلىق گۇۋالىق قىلماقتا.

بۇ شۇنداقلا ن. ئە. نازارباييېۋنىڭ يولباشچىلىقىدىكى جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىكىنىڭ مەۋقەسىگە، يېڭى سىياسەتكە كونكرېت ئىش بىلەن ئىنكاس قىلىپ، ئۇنى قوللاپ- قۇۋۋەتلىگەن زىيالىيلارغا، بارلىق ئادەملەرگە تەئەللۇق دەپ ھېساپلايمەن.

يول تاللاۋېلىندىمۇ، ئەندى كەينىگە قارىماستىن شۇنىڭ بىلەن مېڭىش كېرەك. بىز ئۆز ئوتمۇشىمىزنى ئۇنۇتماسلىقىمىز، ئۇنى بىلىشىمىز، سەكسىنىنچى يىللارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قەدەر جەمئىيىتىمىز قانداق مۇرەككەپ ئەھۋالدا بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن قانداق خۇلاسىلەر كېلىپ چىققانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم. لېكىن بارلىق مۇئەممالارنى ھەل قىلىش يولىنى، بارلىق سوئاللارغا جاۋاپ ئىزدەش ئىشىنى ئوتمۇشتىن ئەمەس، بەلكى كېلەچەكتىن ئىزدەش زۆرۈر.

موشۇ يولدا مەن قازاقىستانغا ۋە قازاقىستانلىقلارغا مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەشنى خالىغان بولار ئىدىم.

— مىخائىل سېرگېيېۋىچ، «ئونىڭ» بىلدۈرۈشى ئىتتىپاقلىق شەرتنامىنىڭ ئىمزالىنىشىنى چاپسانلاتتىمۇ؟

— موشۇ بىلدۈرۈشتىن كېيىن مەملىكەتتە كۆپلىگەن نەرسىلەر ھازىر باشقىچە ھالەتتە كۆرۈنىدۇ. ھازىر بىزگە كېرەك ئەڭ مۇھىم نەرسە — ئۇ رازىمەنلىك. چۈنكى بىز سوۋېت جەمئىيىتىنى قايتا قۇرۇش بويىچە قىلىۋاتقان ئىش — ئۇ ئومۇم خەلق، ئومۇم مىللىي ۋەزىپە. مەسىلەن، ئۇ سىلەرنىڭ ياكى مېنىڭ ھەۋەسىمدىن، ھەر خىل ھەرىكەتلەر، بىرلەشمىلەر مەنپەئەتلىرىدىن ژۇقۇرى تۇرىدۇ. ئۇنى ھەممىمىز بىللە، بىرلىشىپ، ھەل قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ ئەتراپىدىكى رازىمەنلىك سىلەر ئاتىغان بىلدۈرۈشنىڭ نەق ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ھازىر ئۇنىڭدىن كىم ئۇتۇپ چىقتى، كىم ئۇتتۇرۇپ قالدى؟ دەپ مۇنازىرە قىلىشماقتا. بىلدۈرۈشنى ھەم ئوڭ، ھەم سول تەرەپتىن تەنقىت قىلىشىۋاتىدۇ. لېكىن بۇ ھالەت قوبۇل قىلىنغان ھۆججەتنىڭ ئەھمىيىتىنى تۆۋەنلەتمەيدۇ. ئۇنىڭدا جۇمھۇرىيەتلەر رەھبەرلىرىنىڭ، مەملىكەت پرېزىدېنتىنىڭ ئۆز جاۋاپكەرلىكىنى چۈشىنىدىغانلىقى ئىزھار قىلىندى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قايتا قۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ئېغىر باسقۇچىدا ئالدىمىزدا تۇرغان مۇئەممالارنى دەرھال ۋە تۈپ ئاساسىدىن ھەل قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا ئۇتتۇرۇپ قالغانلار بولمايدۇ، ھەممىسى ئۇتۇپ چىقىدۇ.

يېڭى ئىتتىپاقلىق شەرتنامىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش — ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە جاۋاپكەرلىك جەريان. شۇنىڭغا قارىماي بۇنىڭدا ئىش ئالغا بېسىپ، كەسكىن چاپسانلاشتى.

بىر بۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرى تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مەجلىسىنى ئۆتكۈزدۇق. ئېيتماقچى، ئۇ ھازىردا يېمىللىق ئاساستا ئىش ژۈرگۈزۈۋاتىدۇ. مانا شۇنداق، ئۇنىڭدا بىز مونۇ خۇلاسىگە كەلدۇق: ھەممىگە مەلۇم بىلدۈرۈش ۋە مەجلىستە نامايان بولغان رازىمەنلىك مونۇلى ئېيتىشقا ئىمكانىيەت بېرىدۇ: ئىيۇن ئېيىنىڭ ئوتتۇ-دىلا كېلىشىلگەن ھۆججەتنى، يېڭى شەرتنامىنىڭ لايىھىسىنى ئېلىمىز ئالىي سوۋېتىنىڭ ۋە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ماقۇللىشىغا تەقدىم قىلىشقا بولىدۇ.

— مىخائىل سېرگېيېۋىچ، مەركەز ھازىر شەمەي يادرو پولىگونى ۋە ئارال دېڭىزى مۇئەممالىرى بويىچە قانداق مەۋقەنى ئىگىلەۋاتىدۇ؟

— سىلەر ھازىر بىلىسىلەر، بىز ئارال ئاپىتىنى چېرنوبىل ئاپىتى بىلەن بىللە ئومۇم خەلق پاجىئەسى دەپ ئېتىراپ قىلدۇق. ئۇنى پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ مۇئەممالىرى دەپ ھېساپلايمىز. شۇڭلاشقا ئۇلارنى ھەل قىلىشقا ئېگىشلىك مەبلەغ، مالىيە تەمىناتى كۆزدە تۇتۇلماقتا. مەسىلەن، ئارالغا بىر ملليارد يېقىن سوم بۆلۈندى. بۇ ئىختىسادىي ۋەزىيىتىمىزنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇشىغا قارىماي ئاجرىتىلدى! پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ بۇ ئىشقا قاتنىشىشى، ئومۇمىي كۈچ- قۇۋۋەتنى بىرلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ياخشى چۈشىنىمىز.

ئەندى شەمەي يادرو پولىگونى ھەققىدە ئۇنىڭدا مانا بىر يېرىم يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت پارتلاشلار ژۈرگۈزۈلمىدى. موشۇ ۋاقىتتا ئامېرىكىلىقلار، ھازىر ئېنىق ئېسىمدە يوق، ئالتە ياكى توققۇزغا يېقىن يادرو پارتلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۇ رېاللىق ۋە يەنە كېلىپ جىددىي رېاللىق. شۇڭلاشقا بىزمۇ رېالىست بولۇشىمىز كېرەك: پۈتكۈل دۇنيا س س ج ئى بىلەن ئاقش ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنىڭ ساقلىنىشىغا مەنپەئەتدار بولماقتا. شۇڭلاشقا بىز ھازىرغىچە يادرو سىناقلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قوراللىنىش بويىچە ئۇرغۇن كۈچ- قۇۋۋەت سەرىپ قىلىش كېرەك. ئويلايمەنكى بىيىل يازدا بىز ئامېرىكىلىقلار بىلەن ستراتېگىيەلىك يادرولۇق ھۇجۇم قوراللىرىنى ئەللىك پروتسېنت قىسقارتىشنى قولغا كەلتۈرىمىز. ئېخى بۇرناكۈن، قازاقىستانغا مېڭىش ئالدىدا كېچىسى سائات ئون ئىككىدە ئاقش پرېزىدېنتى دژورج بۇش بىلەن تېلېفون ئارقىلىق سۆھبەتلەشتىم. باشقا مەسىلىلەر قاتارىدا موشۇ قوراللىرىنى قىسقارتىش شەرتنامىسى توغرىلىقمۇ گەپ بولدى. ئىشىنىمەنكى، ئۇنى پات يېقىندا ئىمزالاش ئۈچۈن رېال ئىمكانىيەت بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىيىل يازدا ئاقش پرېزىدېنتىنىڭ ئېلىمىزغا سەپەرگە كېلىشىمۇ مۇمكىن.

لېكىن چۈشىنىسىلەركى، دۇنيادا يادرو قورالى ناھايىتى كۆپ توپلانغان. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىگە مۇناسىپ ھالدا دىققەت بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانلىرى داۋاملىشىپ، يادرو پارتلىتىشلىرى يۈز بېرىۋاتىدۇ. ئۇلارنى ئامېرىكىلىقلارمۇ، فرانسۇزلارمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ. ۋە بىز دېمەك شۇنداق زۆرۈرىيەت پەيدا بولماقتا. بۇنىڭدىن تاشقىرى، نازارەت قىلىش مەخسىتىدىمۇ پارتلاشلار كېرەك.

شۇنىڭغا قارىماي بىز ئۇلارنىڭ سانىنى ئاخىرقى چەككىچە قىسقارتتۇق. بىراق يادرو پارتلاشلىرىنى ھازىرغىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توغرا كەلسە كېرەك. ئامما بىز جۇمھۇرىيەت رەھبەرلىگى، ئىتتىپاقلىق ھۆكۈمىتىمىز، تېگىشلىك ئىدارە بىلەن بىللە بۇ ئىشنىڭ شەمەي رېگىونىدىكى ۋەزىيەتنى مۇرەككەپلەشتۈرمەستىن قىلىنىشىغا تىرىشىۋاتىمىز. پرىنسىپ جەھەتتىن بولسا بۇ يەردە ئورۇنلاشقان پولىگوننى يېپىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. مەنمۇ مونۇنى ئوتتۇر ئېيتىمەن: ئۇنىڭ يونىلىشىنى ئۆزگەرتىش ۋە بۇ يەردە موجۇت پوتېنسىيالنى باشقا مەخسەتتە پايدىلىنىش پروگراممىسىنى ئىشلەپ چىقىش تاپشۇرۇغى ھازىرنىڭ ئۆزىدە بېرىلدى. مەسىلەن، ئاتوم ئېنېرگېتىكىسى ياكى تەتقىقاتلار ئۈچۈن پايدىلىنىش كېرەك. باشقىچە ئېيتقاندا، شەمەي پولىگونىنى يېپىش توغرىلىق قارار قوبۇل قىلىندى. شۇڭلاشقا ئادەملەر موشۇ پروبلېمىغا بىز ناھايىتى جىددىي قاراۋاتقانلىقىمىزنى بىلىشى لازىم. بۇنىڭ ئۇستىگە بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئاھالىنىڭ جىددىي تەشۋىشىنى يوقىتىش ئۈچۈن شەمەي رېگىونىغا لازىملىق غەمخورلۇق قىلىش كېرەك.

* * *

ژۇرناليستلار م. س. گورباچېۋقا دوستانە سۆھبىتى ۋە ئوچۇق جاۋاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن سەمىمىي تەشەككۈر بىلدۈردى.

(قاز تاگ).

قارا دالانىڭ قوينىدا

1960- يىلدىن بېرى قارادالانىڭ دەل ئوتتۇرىسىنى كېسىپ، 180 كىلومېتر ئاسفالت يول سېلىنغان ئىدى. بۇ ئەتراپتا ئىلى دەرياسىنى بويلاپ «يامپاش»، «ئاق قۇدۇق»، «قىزىل جىگدە»، «شور ئۆۋەك» ۋە «قاشاغان» قاتارلىق مال قىشلاقلىرى جايلاشقان بولۇپ، ئۇلاردا ھەر يىلى 40 مىڭدىن ئارتۇق مال قىشلىتىلىدۇ. چۈنكى بۇ يەرلەردە مال ئوزۇغى مول ئۆسىدۇ. شۇنداقلا بۇ ئەتراپتا زاك كۆچەتلىرىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ چوڭ ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئۇلارنىڭ كۆلىمى ھەر يىلى 100 گېكتارغا كېڭەيتىلمەكتە. ئەينە شۇنداق بايلىقى مول ۋە مال قىشلىتىشقا ناھايىتى قولايلىق دالادىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۈچۈن بۇ يەردىكى قاتناش شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش كېرەك ئىدى. كېيىنكى يىللاردا ئوكتەبىر كولخوزىنىڭ رەئىسى تۇرسۇن تېلمانوۋنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن بۇ جەھەتتىن خېلە ئىشلار قىلىنماقتا.

بۇ يەردىكى چارۋىچىلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ غەمخورلۇقنىڭ بىرى- مۇشۇ قاتناش ئىغىرچىلىقىنى يوقۇتۇش بولۇپ ھېساپلىناتتى. شۇ تۈپەيلىدىن 1990- يىلىنىڭ ئۆزىدىلا ئېگىلىكنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن يەنە 15 كىلومېتر ئاسفالت يول سېلىندى. كولخوز تەرىپىدىن بۇ ئىشقا «ك-700» ماركىلىق 4 تراكتور، بىر ئېكسكاۋاتور ۋە باشقىمۇ كېرەكلىك تېخنىكىلار ئاجرىتىلدى. مەزكۇر يول قۇرۇلۇشىدا يۇ. ئەمەتوۋ، ت. ئابدۇرازاقوۋ، ر. ساسىقوۋ ۋە ئە. جامالوۋلار پىداكارانە ئەمگەك قىلىشتى. ئۇلار يولنى قۇم بېسىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇنى 1,5 مېتر ئېگىز كۆتۈرۈپ ياساپ چىقتى.

يەنە شۇ ئېگىلىك ئەمگەكچىلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 10 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا كانال قېزىلدى. بۇ مۇھىم ئىشتا ئېكسكاۋاتورچى ئەركىن قەمەيېۋنىڭ كۆرسەتكەن غەيرىتىنى ئالاھىدە ماختاشقا ئەرزىيدۇ.

چەكسىز ياتقان قارا دالانىڭ قوينىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇۋاتقان بۇ ئىشلار ئۈچۈن چارۋىچىلارنىڭ قانچىلىك مىننەتدار بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز.

ئە. تايىروۋ. ئۇيغۇر ناھىيەسى.

قىزغىن ئەمگەك

بىشكېك شەھەرلىك ئاھالىغا مەئىشىي خىزمەت قىلىش كومبىناتىنىڭ ئالامېدىن ناھىيەسىدىكى شۆبىسى ئاماسەن توقۇما كىيىملەرنى ئىشلەپ چىقىرىشقا ئىختىساسلاشتۇرۇلغان. بۇ يەردە ئۆز ئىشىنىڭ ماھىرلىرى كۆپلەپ سانىلىدۇ. مۇبارەك تالىپوۋا، ئۇرىيەم قاسىموۋا ۋە ئۇرپاشا مۇھەممەتوۋا ئوخشاش ئەمگەك ئىلغارلىرى كارخانىنىڭ پەخرى. بولۇپمۇ، ئاسىيەم رەخموۋانىڭ نامى كارخانىدا ئالاھىدە تونۇلغان. 18 يىلدىن بۇيان ئەمگەك قىلىپ كېلىۋاتقان ئا. رەخموۋا بۇ يەردە پېشقەدەم ئىشچىلاردىن بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. سۈرىتى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ھۆرمەت تاختىسىدىن ئورۇن ئالغان ئۇ ئىش پىلانلىرىنى دايىم 170—180 پروتسېنت ئورۇنلاپ، كەلمەكتە.

مەلۇمكى، مەزكۇر كىچىك كارخانىنىڭ تىرىكوتاژ مەھسۇلاتلىرى پەقەت جۇمھۇرىيەت ئاھالىسىنىڭلا ئەمەس، بىر قانچە خوشنا جۇمھۇرىيەتلەر ئاھالىلىرىنىڭمۇ چوڭ قىزىقىشىنى پەيدا قىلماقتا. كارخانا مەھسۇلاتلىرىغا بولغان بۇنداق قىزىقىش ئەينى ۋاقىتتا كارخانا ئىشچىلىرىنىڭ ئۆز ئىشلىرىغا جاۋابكەرلىكىنى يەنىمۇ ئاشۇرماقتا.

م. ئىبراگىموۋ.
بىشكېك شەھىرى.

ساپالىق ئاياقلاشماقتا

ئەمگەك قىزىل تۇغى ئوردېنلىق كىروۋ نامىدىكى كولخوزنىڭ ئادەتلەپ چىقىرىش ئۇچاستكىسى ئېتىزلىقلىرىدا ئاساسەن ئاز ھوسۇللۇق قىممەت بىغالىق كومۇقوناق سورتلىرى تېرىلىدۇ. مول تەجرىبە توپلىغان دېخانلار ھەر يىلى ھوسۇل ئېلىشتا يۇقىرى كۆرسەتكۈچلەرگە يېتىۋاتىدۇ. ئۆتكەن يىلى ئۇلار دۆلەتكە ئەللىك مىڭ سېنتنېردىن ئوشۇق كومۇقوناق دېنىنى تاپشۇرۇپ، پىلاننى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ چىقتى.

بىيىلمۇ ئۇچاستكا بويىچە ئىككى مىڭ گېكتارغا يېقىن مەيداندا كومۇقوناق ئۆستۈرۈش مەخسەت قىلىنغان. تېرىلغۇ ئىشلىرىغا ئالدىن-ئالا ھەر تەرەپلىمە تەييارلىق كۆرۈلدى. دەسلەپكى كۈنلەردىلا مېخانىزاتورلار يەر ھايداش، ئوزۇق سېلىش ۋە باشقىلارنى سۈرئەتلىك ژۈرگۈزۈۋاتىدۇ. نەتىجىدە ئۇچاستكا بويىچە ھازىر مىڭ گېكتاردىن ئوشۇق مەيدانغا ئوزۇق تېرىلدى. بۇ ئىش ئىلغار دېخانلار ئە. ئىسمقۇلوۋ، س. بۇرلىباييۋ، م. سورانشىيېۋلار باشقۇرىدىغان زۋېنولاردا بىرىنچى بولۇپ ئاياقلاشتى.

ئىشلەپ چىقىرىش ئۇچاستكىسىدا سۇدىن ئەتىجدارلىق پايدىلىنىش چارىلىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بۇ ئىشقا تەجرىبىلىك سۇچىلار جەلىپ قىلىنغان. ئىشچىلار بىلەن مېخانىزاتورلارنىڭ ئۈنۈملۈك ئەمگەك قىلىشلىرى ئۈچۈن بارلىق شارائىتلار يارىتىلغان.

ك. تۇدىياروۋ.
پانفىلوۋ ناھىيەسى.

تۆمۈر يول ماگىسترالىغا- يۈز يىل

بىرىنچى ئىيۇن كۈنى ترانسسىبىر تۆمۈر يول ماگىسترالىنىڭ يۈز يىللىق مەرىكىسى نىشانلاندى.

1891- يىلى موشۇ كۈنى ۋلادىۋوستوكتا تۆمۈر يول ۋوكزالى بىناسىنىڭ ھۇلىغا دەسلەپكى تاش قويۇلغان ئىدى. دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن موشۇ ماگىسترالدا (7,5 مىڭ كىلومېتر) پويىزدلار 1916- يىلى ئامۇر دەرياسى ئارقىلىق تۆمۈر يول كۆۋرۈكى سېلىنغاندىن كېيىن قاتناشقا باشلىدى.

س س ج ئى يول قاتناش مىنىسترلىكىنىڭ ئورۇنباسارى ۋالېرىي بۇتكونىڭ سۆزلىرى بويىچە، ترانسسىبىر ماگىسترالى يېۋروپىنى ژىراق شەرىق بىلەن باغلاشتۇرۇۋاتقان قۇدرەتلىك ترانسپورت ئارتېرىيىسىغا ئايلاندى. ئىككى يوللۇق تراسسا تولۇغى بىلەن دېگىدەك ئېلېكترلەشتۈرۈلگەن ۋە ئاۋتوبلوكىروۋكا بىلەن جابدۇقلانغان.

(ئى ئان).

كۆڭۈللۈك ئۆتتى

جامبۇل- قەدىمىي شەھەر. ئۇنىڭ ئەسلى نامى ئەۋلىياتا. مانا، شۇ قەدىمىي شەھەرنى ماكانلىغان ھەر مىللەت ۋەكىللىرى قاتارىدا شۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئاھالىسىمۇ پاراۋەن ياشاپ، ئەمگەك قىلماقتا. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاز بولۇشىغا قارىماي، خەلق ئېگىلىكىنىڭ ھەر تۈرلۈك ساھا-

— ۋىلايىتىمىزدە ئۈچ مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر ئاھالىسى بار،— دېدى ئۇ،— ئۇلارنىڭ مىڭغا يېقىنى شەھەردە ياشاپ، ئەمگەك قىلىدۇ. ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋىي ۋە روھىي ئېھتىياجلىرىمىزنى ئازىراق بولسىمۇ قانائەتلەندۈرۈش مەخسىتىدە ئۆتكەن يىلى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنى تەشكىل قىلدۇق.



لىرىدا ئۈلگە بولارلىق ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ. يېقىندا شۇ دىياردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ تەنتەنىسىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق..

كېچىچە شارىلداپ ياققان يامغۇر تاڭ ئېتىشى بىلەن ئاق يېغىنغا ئايلاندى. يامغۇر توختار ئەمەس. ئەتىچە كۈندىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرگەن جامبۇللۇق ئۇيغۇرلار تاڭ ئېتىشى بىلەن مەخسۇس بەلگۈلەنگەن مەيدانچىغا يىغىلىشقا باشلىدى. تەنتەنىنىڭ ئېچىلىشى سائات 10غا بەلگۈلەنگەن بولسىمۇ، يامغۇر تەسىرىدىن سائات 12گە قالدۇرۇلدى. ئاڭغىچە يامغۇرغا قارشى بەزى تەييارلىقلار ئۆتكۈزۈلدى. (سەھنە ۋە چارە-تەدبىر ئۆتكۈزۈلىدىغان ئورۇنلار پالاتكىلار بىلەن يېپىلدى).

مەراسىمنى جامبۇل ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى مارىس ئابدۇسېمەتوۋ ئاچتى. ئۇ يىغىلغانلارنى بۇ چوڭ تەنتەنە بىلەن تەبرىكلەپ، مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان ئىشلىرىغا توختالدى.

ئۇ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش بويىچە مەلۇم ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى. بۈگۈنكى بىزنىڭ يىغىلىپ تۇرۇشىمىزمۇ ئەشۇ قىلىۋاتقان ئىشىمىزنىڭ بىرى بولسا كېرەك. بۇنىڭغا بولۇپمۇ چۇ شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ چوڭ ياردەم كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ...

ئالدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تەنتەنىسىنى تەبرىكلەپ خەلق دېپۇتاتلىرى جامبۇل ۋىلايەتلىك سوۋېتى ئىجرائىي كومىتېتى مىللىي ۋە مىللەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەر سېكتورىنىڭ باشلىقى ي. تۇمباييۋ، خەلق دېپۇتاتلىرى شەھەرلىك سوۋېتى ئىجرائىي كومىتېتى رەئىسىنىڭ ئورۇنباسارى ئا. سۇلېيمانقۇلوۋا، ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتى ئىدېئولوگىيە بۆلۈمىنىڭ مەسلىھەتچىسى ب. تىندىبېكوۋ، ئالمۇتا ۋىلايىتى چېلەك ناھىيەسى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى غ. باھاموۋ، ئالمۇتىلىق رەسسام-كوللېكسىونېر ئازات ھېكىمبەگ، تاشكەنتلىك شائىر ھ. ئىسلاموۋ، ئۆزبەكىستاندا نەشىر قىلىنىدىغان «سىرلىق ئالەم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ھ. شايخوۋ، ئالمۇتا ۋىلايىتى ئەمگەكچىقازاق ناھىيەسى مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسى غ. شاماخۇنوۋ، ئالمۇتا ۋىلايىتى ئۇيغۇر ناھىيەسىدىن كەلگەن شائىر م. مىرىموۋ، ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ ۋېتېرانى جامبۇللۇق ئەكرەم ئەزىزوۋ، چۇ شەھىرىدىن كەلگەن ر. ئىمىروۋ، تاشكەنتلىك ئا. باقىيېۋلار سۆزگە چىقتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن رابىيە مەمەتوۋا رەھبەرلىكىدىكى ھەۋەسكارلار ئانسامبلى، تاشكەنت شەھىرىدىن كەلگەن ئارتىست سۇلتان مەمدوۋ، كورېي، نېمىس، تۈڭگان، كۈرد خەلقلىرىنىڭ ھەۋەسكار ئانسامبللىرى ئۆز ماھارىتىنى نامايىش قىلدى. تەنتەنە داۋامىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر تۈرلۈك تائاملىرى، تۇرسۇن توختىيېۋنىڭ شەخسىي كىتابخانىسىدىكى كىتابلار، رەسسام-كوللېكسىونېر ئازات ھېكىمبەگنىڭ ئېكسپوناتلىرى، ئۇيغۇر مىللىي ساز ئەسۋاپلىرىنىڭ كۆرگەزمىسى نامايىش قىلىنىپ تۇردى.

— مەن ئۇيغۇر خەلقىنى ئىلگىرىدىن ياخشى بىلىمەن، چۈنكى مېنىڭ خوشنام ئۇيغۇر،— دەيدۇ باسمىخانا ئىشچىسى لېسبېك سايلاۋبايېۋ،— بىراق ئۇلارنىڭ بۇنداق ئوم ئىكەنلىكىنى، ناخشا-سازغا باي ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن. ھاۋا رايى بۇ ئەھۋالدا بونچىلىك كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتقاندا، ئەگەر ھەممە تەرەپتىن قولايلىق بولغاندا بۇ تەنتەنە جامبۇل شەھىرى ئاھالىسى ئىچىدە ئەجايىپ تەسىر قالدۇرغان بولاتتى. مېنىڭ ئويلۇشۇمچە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق تويلىرىنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرىمىز دېمەكچىمەن.

دەرھەقىقەت، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تەنتەنىسى جامبۇل شەھىرىدە دەسلەپكى قېتىم بولۇۋاتقان بولسىمۇ شەھەر تۇرغۇنلىرىنىڭ قەلبىدە ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ قالىدۇ.

پ. ئەخمەتوۋ،
مەخسۇس مۇخبىرىمىز.
جامبۇل شەھىرى.

سۈرەتلەردە: مەدەنىيەت كۈنلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.
ئاۋتورنىڭ سۈرەتلىرى.

كەسپداش ھەققىدە سۆز

ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي ۋە يېتەكچى قىسمى بولغان ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ئاتمىشىنچى ژىللاردىن كېيىن. ھەر تەرەپلىمە تەرەققىي قىلىپ، رىۋاج تاپتى. خېلە ئورغۇن ئىلمىي تەتقىقاتلار قىلىندى. بۇ ساھادا ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ئۈلۈشىنى قوشۇپ كېلىۋاتقان تىرىشچان ئالىملىرىمىزدىن بىرى- قازاقىستان س.س.ج پەنلەر ئاكادېمىيەسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى مۇسازا ئوغلى ئىدرىزا مۇسازايېۋتۇر.

ئاتا- ئانىسىدىن كىچىك ژىتىم قېلىپ، ئىنقىلاپتىن ئىلگەركى مۇدھىش ھاياتنىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن مۇسازا ئاتا بالىلىرىنىڭ تەلىم-تەربىيە ئېلىشىغا كۆپ كۆڭۈل بولگەن كىشى ئېدى.

ئىدرىزا مۇسازا ئوغلى 1931- ژىلى 20- مايدا تالدىقورغان ۋىلايىتىنىڭ پانفىلوۋ ناھىيەسىگە قاراشلىق ئالتويي يېزىسىدا دېخان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1938- ژىلى ئۇ ئاۋات باشلانغۇچ مەكتىۋىگە كىرىپ، ئۇنى 1941- ژىلى تاماملىدى. 1947- 1948- ژىللىرى پەنجىم ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقىدى.

پاجەلىك 1941- ژىل. ئېلىمىزنىڭ، شۇ جۈملىدىن ئالتويي يېزىسىنىڭ شىر غورانىدەك ئوغلانلىرى ۋەتەننى باسقۇنچىلاردىن قوغداش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىغا ئاتلىنىدۇ. كولخوزنىڭ ئېغىر- يېنىك ئىشلىرى مۆكچەيگەن قېرىلار بىلەن ئاجىزلارغا ۋە تېخى سۆيىگى قاتمىغان ئىدرىزىدەك ئوسمۇرلەرنىڭ زىممىسىگە قالىدۇ. كولخوز ئىشىغا ئۆزلۈكسىز قاتنىشىپ، ئاتا- ئانىلىرىغا يېقىندىن ياردەملىشىپ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى كوتىرىشتە ياش ئىدرىزمۇ ئاكتىۋ پائالىيەت كورسىتىدۇ.

- ئۇ پەيتتىكى ھاياتنىڭ ئېغىر سىناقلىرىغا ياش بولساقمۇ، تولۇق بەرداشلىق بېرىپ، ئورغۇن ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتۇق،- دەيدۇ ئوتمۇشنى ئەسلەپ ئىدرىزا ئاكا،- فاشىزم ئۇستىدىن قىلىنغان غەلىبىدە ئۇزەمنىڭمۇ ئاز- تولا ھەسسەم بارلىقىدىن دايىم مەغرۇرلىنىمەن.

ئۇلۇق ۋەتەن ئۇرۇشى ژىللىرى ئۇ ناھىيەدىكى كىروۋ نامىدىكى كولخوزدا، ئاندىن كېيىن مەئىشىي خىزمەت قىلىش كومبىناتىدا ۋە ياركەنت شەھرىدىكى موزدوزخانىلاردا ئىشلىدى.

كىچىگىدىن بىلىم ئېلىشنى ئارزۇ قىلغان ئىدرىزا ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ياركەنت پېداگوگىكا بىلىم يۇرتىغا كىرىپ ئوقىدى. بىلىم يۇرتىنى 1952- ژىلى مۇۋاپپەقىيەتلىك تاماملاپ، شۇ ژىلى ۋ. ئى. لېنىن نامىدىكى تاشكەنت دولەت دارىلفۇنۇنىنىڭ شەرقشۇناسلىق بولىمىگە ئوقۇشقا چۈشتى ۋە ئۇيغۇر گرۇپپىسىدا تەلىم ئالدى.

ئىدرىزا مۇسازايېۋنىڭ دەسلەپكى ئەمگەك يولى 1957- ژىلى دارىلفۇنۇننى ئۇتۇقلۇق تۈگىتىپ، يوللانما بويىچە «كوممۇنىزم تۇغى» (ھازىرقى «ئۇيغۇر ئاۋازى») گېزىتىنىڭ رېداكسىيەسىگە كېلىپ خادىم بولۇپ ئىشلەشتىن باشلاندى. گېزىتتە ئىشلىگەن ژىللاردا ئۇ بەدىي خادىم، گې-



زىتنىڭ ئۇز مۇخبىرى، بولۇم باشلىقى، مەسئۇل كاتىپ ئوخشاش لاۋازىملارنى ئاتقۇردى.

1962- ژىلدىن باشلاپ بولسا ئىدرىزا مۇسازايېۋ ئۆزىنىڭ دارىلفۇنۇندا ئالغان بىلىمىنى، تىلشۇناسلىق پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش مەخسىتىدە قازاقىستان س.س.ج پەنلەر ئاكادېمىيەسى تىلشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق بولۇمىگە ئىشقا ئورۇنلاشتى. مانا شۇندىن بۇيان ئۇ دېيەرلىك 30 ژىل جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىلمىي پائالىيىتىنى ئۇيغۇر تىلىنى تەكشۈرۈش ئىشلىرىغا بېغىشلاپ كېلىۋاتىدۇ.

ھازىر ئىدرىزا مۇسازايېۋ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتى تىلشۇناسلىق بولۇمىنىڭ پېشقەدەم ئىلمىي خادىمىدۇر.

ئى. مۇسازايېۋنىڭ ھەر خىل گېزىت، ژۇرنال ۋە ئىلمىي توپلاملاردا ئۇيغۇر ۋە تۇڭگان تىللىرىغا، شۇنداقلا موشۇ خەلقلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتىغا ئائىت ئەللىككە يېقىن ئىلمىي -ئاممىباپ ماقالىلىرى يورۇق كوردى. شۇنداقلا 1958- ژىلى قازاقىستان س.س.ج مائارىپ مىنىسترلىكىنىڭ نەشرىياتىدا ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇلانمىلار» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكى بېسىلىپ چىقتى. 1966- ژىلى بولسا، «ئۇيغۇر تىلى بويىچە تەكشۈرۈشلەر» ناملىق ئىلمىي توپلامدا ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مودال سوزلەر» دېگەن تەتقىقاتى بېسىلدى. بۇ ماۋزۇنى يەنىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ كېڭەيتىپ ئىشلەش نەتىجىسىدە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ ئىلمىي كىتاپنىڭ 2- قىسمىغا ئۇنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ «مودال سوزلەر» ناملىق كەڭ ھەجىملىك بىر باپ كىرگۈزۈلدى. ژىلدىن- ژىلغا بۇ ئىشنى ئۇ يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىش نەتىجىسىدە «ئۇيغۇر تىلىدىكى مودال ئۇلانمىلار»، «مودال سوزلەر» ئوخشاش يېڭى ئىلمىي ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

ئالىم گراممائىكىنىڭ باشقا ساھالىرى بويىچىمۇ ئورغۇن ئىشلارنى قىلدى. مەسىلەن، ئارىلاش كونستروكسىيەلىك مۇرەككەپ جۈملىلەر»، «ئېنىقلىغۇچى»، «مۇرەككەپلەشكەن تىپتىكى قوشما جۈملىلەر ھەققىدە» ئوخشاش تەتقىقاتلار ئى. مۇسازايېۋنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ.

كېيىنكى ئون ژىلدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە ئى. مۇسازايېۋ ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكوگرافىيەسى بويىچىمۇ ئۇلۇملۇك ئىشلارنى قىلىپ كوزگە چۈشتى. شۇ كۈنلەردە ئىنستىتۇتنىڭ تىلشۇناسلىق بولۇمىدە ئاخىرىغا يېتىپ قېلىۋاتقان «رۇسچە ئۇيغۇرچە» ۋە «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ئوخشاش چوڭ ئەمگەكلەرنىڭ ئۇ مۇمەسسىۇللىرىدىن بېرى. تورت توملۇق لۇغەتنىڭ ھازىر تەييار بولغان بىرىنچى تومىغا ئى. مۇسازايېۋنىڭ قوشقان ئۈلۈشى ئالاھىدە چوڭ. ھازىر ئۇ مەزكۇر ئىشنىڭ داۋامىنى «رۇسچە- ئۇيغۇرچە» لۇغەت بىلەن قوشۇپ ئېلىپ بارماقتا.

ئىدرىزا مۇسازايېۋ ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىللە تۇڭگان تىلىنىمۇ تەتقىقات قىلىپ باردى. ئوز خەلقىنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە يازغان ئىلمىي -ئاممىباپ ماقالىلىرى پات -پاتلا مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە بېسىلماقتا. ئۇنىڭ قازاق سوۋېت ئىنسىكلوپېدىيەسى ئۈچۈن تۈزگان خەلقىنىڭ تارىخى، ئەدەبىياتى، تىلى بويىچە ئورغۇنلىغان مەلۇماتلارنى يېزىپ بەرگەنلىگى چوڭ ئەھمىيەتكە ئېگىدۇر. ئۇنىڭ يەنە ماگازا ماسەنچى، ياسىر شىۋازا كەبى تۇڭگان خەلقىنىڭ يارقىن سىمالىرى ھەققىدىكى كەڭ ھەجىملىك ماقالىلىرىمۇ ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

ئىدرىزا مۇسازايېۋ پەقەت تىل مەسىلىلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان ئەمەس. س.س.ج ئى ژۇرنالىستلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى سوۋېتتە سوۋېت خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى بويىچە يورۇق كورگەن ماقالىلىرىمۇ ئورغۇن. تاجىك- ئوزبەك يازغۇچىسى س. ئەينىي، ئوزبەك شائىرى ھ. ئالىمجان، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ن. ئىسرائىلوۋ ۋە ق. توختەموۋ، ئالىم مۇرات ھەمرايېۋ ۋە باشقىلارنىڭ ئىجادىغا بېغىشلانغان قاتار چوڭ- كىچىك ھەجىمدىكى ماقالىلىرى ئەينە شۇلار جۈملىسىدىن.

بىز كەسپداشىمىز ئىدرىزا مۇسازايېۋنى 60 ياشقا تولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن چىن دىلىمىزدىن سەممىي تەبرىكلەيمىز. ئوزىگە ۋە ئائىلىسىگە بەخت- سائادەت، كەلگۈسى پائالىيىتىگە مۇۋاپپەقىيەتلەر تىلەيمىز.

ش. باراتوۋ،

فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ نامزادى.

دوختۇرنىڭ مەسلىھىتى

سالامەتلىگىڭىزنى ئويلىسىڭىز

ئادەملەر ئوز سالامەتلىگىنى ھىمايە قىلىشتا مۇسىپىي ۋە مەنىپىي تەڭپۇڭلىغىنى يەنى مۇجەزىنى تەڭشەپ تۇرۇش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ۋە كەچتە كوزنىڭ ئىچكى بۇلۇڭىدىكى روشەن پەللىسى بىلەن تاپانىدىكى بۇلاق پەللىسىنى ماسساژ قىلىپ تۇرۇش كېرەك. (ئادەم تېنىدىكى چېكىتلەرنى پەللە دەپ چۈشەندۈرىمىز- ئاۋتور)

ماسساژ قىلىش قائىدىسى مۇنداق:

ئاۋال باش، ئوتتۇرا ياكى كورسەتكۈچ بارماقلارنىڭ بىرىنىڭ ئىچكى تەرىپى بىلەن روشەن پەللىسىنى بىر مىنۇت جەريانىدا بىر نەچچە قېتىم بېسىپ، ئاندىن كېيىن 81 قېتىم كورسەتكۈچ ياكى باش بارماقنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇگىلاش لازىم.

ئەندى ئىككى ئالقىنىڭىزنى بىربىرىگە سۈركەپ، ئالقىنىڭىز قىزىغاندىن كېيىن، ئوڭ قولىڭىزنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئىچى تەرىپى بىلەن سول تاپىنىڭىزدىكى بۇلاق پەللىسىنى، ئاندىن كېيىن سول قولىڭىزنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئىچى تەرىپى بىلەن ئوڭ تاپىنىنىڭ بۇلاق پەللىسىنى 81 قېتىم ئۇگىلايسىز. كۈنىگە ئىككى قېتىم ئەتىگەندە، كەچتە ئۇگىلاش ئارقىلىق ماسساژ قىلىنىدۇ. دىققەت قىلىنىدىغان قائىدە شۇكى، كەچقۇرۇنلىغى ئاۋال كوزدىكى روشەن پەللىسىنى، ئاندىن كېيىن تاپاندىكى بۇلاق پەللىسىنى، ئەتىگەندە بولسا ئاۋال بۇلاق پەللىسىنى، كېيىن روشەن پەللىسىنى ئۇگىلاپ ماسساژ قىلىش لازىم.

خىتاي تىبابەت ئالىملىرىنىڭ ئېيتىشلىرىچە كوزدىكى روشەن پەللەنىڭ كۈچلۈك مۇسىپىي مېرىدىئانغا تالىق پەللە. ئەندى تاپاندىكى بۇلاق پەللىسى ئەڭ ئاجىز مەنىپىي مېرىدىئانغا تەۋە پەللە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ژۇقۇرىدىكى روشەن ۋە بۇلاق پەللىلىرىنى ئۇگىلاش بىلەن كۈچلۈك مۇسىپىي مېرىدىئان بىلەن ئاجىز مەنىپىي مېرىدىئان ئارىلىشىپ نورماللىشىدۇ، مۇجەز تەڭشىلىدۇ. نەتىجىدە ئادەم كېسەل بولمايدۇ، ياكى كېسەلگە قارشىلىق كورسىتىش كۈچى ژۇقۇرى بولىدۇ. بورەك، جىگەرنىڭ قۇۋۋىتى ئاشىدۇ. كوزنىڭ كورۇش قۇۋۋىتى روشەنلىشىدۇ. مەيدىدىكى ئىسسىق تۆۋەن چۈشىدۇ ۋە بەدەنگە تەكشى تارقىلىدۇ. ئادەم ئېنېرگىيەسىنىڭ ياخشى تارقىلىشى ۋە ۋاقتىنى تېجەش ئۈچۈن ھەر ئىككى پەللىنى بىر ۋاقىتتا ماسساژ قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

ماسساژ قىلىغان ۋاقىتتا ئوي- پىكرىڭىزنى، دىققىتىڭىزنى ۋە كوز ئىشارىڭىزنى كىندىك ئەتراپىغا، يەنى چوڭ پەللىگە (بۇنى خىتايچە- دەنتەن، ھىندىچە -چاكرا دەپ ئاتايدۇ) قارىتىش كېرەك.

ماسساژ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى ئەتىگەن ئۇيقىدىن ئويغانغاندا، كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن بولغىنى ياخشى. ئاچ قوساق ياكى ھەددىدىن زىيادە توق ۋە مەس ھالەتتە بولغاندا ماسساژ قىلىشقا بولمايدۇ.

ئوز سالامەتلىگىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى، ئاغرىق- سىلاقتىن خالى بولۇشنى ئويلىغان كىشىلەر ئېرىنمەي، ئۆزمەي ئۇزۇن مۇددەت ماسساژ قىلىپ ژۈرۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش لازىم. سوڭ سولالىسى دەۋرىدە بىر ھېكىم: «ماسساژنىڭ پايدىسى دەرھال سېزىلمەيدۇ، پەقەت داۋاملىق ئۇزۇن مۇددەت ماسساژغا ئادەتلەنگەندىلا، ئۇنىڭ دورا ئىچكەندىن يۇز ھەسسە ئارتۇق پايدىسىنى كورىسىز» دېگەن ئېكەن. مەن ئوز تەجرىبەمدە كوپلىگەن ئاغرىقلارغا بۇ خىل ماسساژنى ئوگىتىپ، ئۇلارنىڭ ناھايىتى كوپلىگەن كېسەللەردىن قۇتۇلغانلىغىنىڭ شاھىدى بولدۇم.

ئادەم بەدىنىدىكى مۇسىپىي قۇۋۋەتنى تېجەپ ئىشلىتىش ئۇنى ئارتۇقچە ئىسراپ قىلماسلىق كېرەك. تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش، غەزەپلىنىش، سەبىر تاقەتسىزلىك، كورەلمەسلىك، ئىچى تارلىق ئوخشاش ناچار سېزىملار ئادەم بەدىنىدە خەتەرلىك تراپەنى (توك) پەيدا قىلىپ، مېگە پائالىيىتىنى بۇزىدۇ ۋە روھىڭىزنى زەھەرلەيدۇ، نەتىجىدە ئادەمنىڭ ھاياتىي قۇۋۋىتى توۋەنلەپ چاپسان كېسەلگە دۇچار بولۇش ئەھۋاللىرى يۇز بېرىدۇ.

دېمەك ساغلام ھايات، -جىسمانىي قۇۋۋەت پەقەت تىرىشچان، كۈچلۈك، ئىرادىلىك ئادەملەرگە خاس، دايىم كىشىلەر بىلەن خۇشخۇي، مېھىر- شەپقەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ئۇمۇر، ھايات ۋە تەن ساقلىق ئاتا قىلغانلىق بىلەن باراۋەر.

نازىم قەمبىرىي.
دوختۇر.
بىشكېك شەھىرى.

ئانا نېسھىتى

ئەتىگەندە تۇر، قىزىم،
دېرىزەڭنى ئاچ، قىزىم.
ئوز ئورنىڭنى ئوزەڭ ژىغ،
ھورۇنلۇقتىن قاچ، قىزىم.

ئۇز- كوزۈڭنى ئوبدان ژۇ،
چىشلىرىڭنى تازا تۇت.
ئىشچانلىق ھەم پاكىزلىق
كەلتۈرىدۇ بەخت- قۇت.

گۈلى ئادۇپوۋا.

شىپا- بەخش ئەتكۈچىلەر

قاراقالپاقستان مۇختارىيەت سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى (قامس.س.ج)، ئامۇدەريا ناھىيەسىنىڭ ئاھالىسى ئارالنى قۇتقۇزۇش كومىسسىيەسىنىڭ باشلىغى، يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى، فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ دوكتورى پىرمەت شېرمۇھەممەدوۋقا چوڭ ئىشەنچ بىلدۇرۇپ، قاراقالپاقستان م.س.س.ج نىڭ خەلق دېپۇتاتى قىلىپ سايلىدى. مەلۇمكى، ئارال دېڭىزىنىڭ قۇرۇپ كېتىشى مەزكۇر جۇمھۇرىيەت ئاھالىسىنىڭ سالامەتلىگىگە ناھايىتى چوڭ تەسىرىنى كورسەتمەكتە. ھەر تۇرلۇك ئاغرىقلار كوپەيمەكتە. سايلىغۇچىلارنىڭ ئاكازلىرى بويىچە دېپۇتات س.س.ج ئى ئېكستراسېنسلار ئىتتىپاقىنىڭ پرېزىدېنتى تاھىر سالىيېۋىچ سالىيېۋنى ناھىيەگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئوتكەن ژىلى دېكابىر ئېيىنىڭ بېشىدا مەدەنىيەت ئويىدە سېئانسلار ئوتكەزدى. بۇنىڭغا 300 دىن كوپرەك ئادەم ئىشتىراك قىلىپ تۇردى. جىگەر، بورەك، ئاشقازان، ئۇچەي، رېۋماتىزم، ئاستما، قەلت ئاغرىقلىرى، شۇنداقلا كوزلىرى ئاجىز، قۇلاق ياخشى ئاڭلىمايدىغان ئاغرىقلار بۇ ئىگەندىن شىپا- بەخش تاپتى.

ناھىيەدە س.س.ج ئى ئېكستراسېنسلار ئىتتىپاقى يېنىدىكى تاشكەنت تىبابەتچىلىك مەركىزىدىكى كۇرسىنى تۈگەتكەن 10 كىشىنى ناھىيەنىڭ ئىجرائىي كومىتېتى بىلەن كېلىشىپ، يېڭىدىن قۇرۇلغان ھەپتىيەك بېناسىدىن ئۇچ بولمە ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ داۋاملىق سېئانسلارنى ئوتكۈزۈشكە مۇمكىنچىلىك يارىتىپ بەردى.

پرېزىدېنت تاھىر سالىيېۋ شۇ ناھىيەدە ئېكستراسېنسلارنىڭ داۋاملىق ئىشلىشى ئۈچۈن بېنا قۇرۇلۇشنى ماقۇل كوردى.

شۇنداقلا ئۇ ئىختىسادىي ناچار ئائىلىلەرگىمۇ ئۆزىنىڭ سېخىلىگىنى ئايىمىدى. ئارالنى قۇتقۇزۇش فوندىغا 20 مىڭ سوم ئوتكەزدى. بېنا قۇرۇش ئۈچۈن ناھىيە ئىجرائىي كومىتېتىنىڭ ھېساۋىغا 10 مىڭ سوم ئوتكۈزدى. كېيىنرەك يەنە 100 مىڭ سوم ياردەم قىلىشنى ۋەدە قىلدى.

غ. ئاتامۇرادوۋ.
قاراقالپاقستان.

قېرىنداشلىق رىشتىلىرى

چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى

چەت ئەللەردىكى ۋەتەنداشلار بىلەن مەدەنىي ئالا-
قە ئورنىتىش «قازاقستان» جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن
بېرى ئۇرغۇن ياخشى ئىشلار قىلىنماقتا ۋە ئۇ قايتا
قۇرۇش دەۋرى باشلانغاندىن بۇيان تېخىمۇ كە-
ڭىيىۋاتىدۇ. جۈملىدىن، مەزكۇر جەمئىيەت ئارقىلىق
بولۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى پائالىيەتلەرمۇ بار-
غانسىرى كۈچىيىپ، ئۇنىڭ ئۈبدان نەتىجىلىرى قولغا
كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىرى بىز چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر
ئالىملىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر ئا-
لىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇلارغا ئۇنۇملۇك تونۇشتۇ-
رۇپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ساھادىكى دەسلەپكى ئالاقە-
مۇناسىۋەت 1967- ژىلى قازاقستان پەنلەر ئاكادې-
مىيەسى چوقان ۋەلىخانوۋ نامىدىكى تارىخ ئىنستىتۇ-
تىنىڭ ئالىمى مەرھۇم لۇقمان بادۋاموۋنىڭ تۈركىيە
جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان زىيارىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئا-
شۇرۇلغان ئېدى. شۇندا بىز ئۇنىڭغا تۈركىيەدە ئوتكەن
مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى مۇھەممەت ئىمىن بۇغ-
رانىڭ «شەرقىي تۈركستان تارىخى» ناملىق ئەمگىگە-
نى ئالغاچ كېلىشنى مۇراجىەت قىلغان ئېدۇق. بىزنىڭ
بۇ ئوتۇنۇشىمىزگە يارىشا ل. بادۋاموۋ ئۇزىگە ستام-
بۇلدىكى ئۇيغۇر كوچمەنلىرى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى
ئەيسا يۇسۇپ ئالىپتېكىن تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنغان
يېگانە نۇسخىنى ئېلىپ كېلىپ، بىزگە تاپشۇرغان ئې-
دى. بۇ ئەسەرنى بىزنىڭ كوپ تارىخچىلىرىمىز پاي-
دىلاندى. بۇ ئەسەر ھازىر قازاقستان پەنلەر ئاكادېمى-
يەسى مەركىزىي كۇتۇپخانىسىنىڭ مەخسۇس بولۇمىدە
ساقلىنىۋاتىدۇ.

مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا (ھەزرىتىم) ئەسلى خوتەن-
لىك بولۇپ، 1901- ژىلى ئەلچى ناھىيەسىدە تۇغۇل-
غان. ئۇ خوتەن، قەشقەر ۋە بەزى چەت ئەللەردە ئو-
قۇپ، داموللا دەرىجىسىنى ئالغان. شەرقىي تۈرك-
ستاندا مەشھۇر قۇمۇل ئىنقىلاۋى باشلانغاندا، ئۇ بۇ
ئىنقىلاپقا قاتنىشىدۇ. ئاما بۇ ئىنقىلاپ مېۋىسى خا-
ئىن شىڭ شىسەيىنىڭ قولىغا ئوتۇپ كېتىشى سەۋەپلىك
ئۇ 1934- ژىلى ھىندىستانغا كېتىپ، كېيىن ئاۋغا-
نىستاندا 7 ژىل ئىستىقامەت قىلىدۇ. موشۇ چاغدا
ئالىم «شەرقىي تۈركستان تارىخىنى» يېزىپ چىقىپ،
1935- ژىلى كەشمىر چاپخانىسىدا (لىتوگرافىيە-
سىدە) بىرنەچچە يۈز نۇسقا بىلەن باستۇرۇپ تارقى-
تىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ 1943- ژىلى يەنە بىر قېتىم نە-
شىر قىلىنغانلىغى مەلۇم. مۇئەللىپ 1948- ژىلى ئۇ-
رۇمچىدە تۇرغان ۋاقتىدا بۇ تارىخنى يەنىمۇ تولۇق-
لاپ چىققان. بىراق ئۇ نەشىر قىلىنماي قالغان. قول-
يازمىنى مەرھۇمنىڭ ھازىرقى ۋارىسى- ئالىمە پاتىمە
بۇغرا تەييارلاپ، 1987- ژىلى ئانقارا نەشرىياتىدا
ۋەتەنداشلار خىراجىتى بىلەن باستۇرۇپ تارقاتتى.
بۇ ئەسەرنىڭ ھەجمى 660 بەت بولۇپ، ھەر بىر تا-
رىخىي دەۋرلەرنىڭ ئايرىم- ئايرىم خەرىتىلىرى بار.

بۇ تارىخ بىلەن مەن 1953- ژىلى تارىخ تەكشۇ-
رۇش ۋاقتىدا ئۇنىڭ خوتەن ساقچى ئىدارىسى ئارخى-
ۋىدىن تېپىلغان نۇسخىسى بىلەن تونۇشۇپ، «شىنجاڭ-
دا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى» ناملىق قولىيازمامنى تەي-
يارلاشتا كەڭ پايدىلانغان ئېدىم. شۇنىڭغا لايىق بۇ تا-
رىخنىڭ ئىچكى دۇنياسى ناھايىتى كەڭ ھەم مۇكەممەل
بولۇپ، شەرقىي تۈركستاننىڭ ئانتروپولوگىيە ئىلمى
بويىچە تەبىي يارىتىلىشىدىن تارتىپ (مۇئەللىپنىڭ
يېزىشىچە شەرقىي تۈركستان بۇنىڭدىن تەخمىنەن 250
مىللىون ژىل مۇقەددەم بىر ئىچ دېڭىز بولۇپ، ئاستا-
ئاستا قۇرۇقلۇققا ئايلىنىپ كەتكەن)، 1930- ژىللار-
غىچە بولغان تولىمۇ بىر ئۇزۇن جەرياننى ئوز ئىچىگە
ئالغان. بۇ جەريان ھىندى- ئەرەپ، پارس، خىتاي،
رۇس ۋە باشقا غەرىپ مەنبەلىرى ئاساسىدا خېلە دۇ-
رۇس ھەم تولۇق يورۇتۇلغان. مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا
1965- ژىلى 14- ئىيۇن كۈنى تۈركىيە جۇمھۇرىيى-
تىنىڭ پايىتەختى ئانقارا شەھرىدە 64 يېشىدا ۋاپات
بولدى.

چەت ئەللەردە ئېغىر تۇرمۇش ۋە مۇرەككەپ ھا-
يات قايىنىمىدا ياشىغىنىغا قارىماي، بىر نەچچە مۇھىم
ئىلمىي، ئەدەبىي ۋە سەياسىي ئەسەرلەرنى يېزىپ قال-
دۇرۇپ كەتكەن.

ئالىملىرىمىزنىڭ يەنە بىرى بەلگۈلۈك پېداگوگ
ۋە تىلچى مەسۇد ئەپەندى سابىردۇر. ئۇ 1950 -
ژىلى ئويىدە مىرزا قاماقتا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئەۋ-
لاتقا قالدۇرۇپ كەتكەن ئەسەرلىرى ئىچىدە: «تۈركچە
سەرپ نەھۋىيىسى» بىلەن «نىياز قىز» ناملىق بەدىي
ئوچېركلى ۋە «بىرىنچى پوتۇك» تىن «ئىككىنچى پو-
تۇك» كىچە بولغان دەرسلىك ئىلمىي، تارىخىي تەتقى-
قاتىمىز ئۈچۈن دەۋرلىك ئەھمىيەتكە مالىكتۇر.

موشۇ كۈنلەردە ھازىرقى سەئۇدىيە ئەرەپستانىدا
ياشاپ، ئۇنۇملۇك ئىجات قىلىۋاتقان پېشقەدەم تارىخ-
چى ئالىملارنىڭ بىرى رەھمەتۇللا تۈركستا-
نى بولۇپ، ئىككىنچىسى گېرمانىيەدە تۇرۇش-
لۇق تارىخچى ئەركىن ئالىپتېكىندۇر. رەھ-
مەتۇللا تۈركستانىنىڭ «خىتاي پەنجىسىدىكى شەرقىي
تۈركستان» ناملىق ئەسەرى شەرقىي تۈركستاننى دۇن-
ياغا تونۇتۇشتا مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. تارىخچى ئا-
لىم ئەرەپ ۋە ئېنگلىس تىللىرىنىڭ مۇتەخەسسىسى
بولغاچقا بۇ تارىخنى موشۇ ئىككى تىلدا يېزىلغان دۇن-
ياۋىي مەشھۇر ئەمگەكلەردىن توغرىدىن -توغرا پاي-
دىلىنىپ يازغان. تارىخچى ئالىم رەھمەتۇللا تۈركستانى
ھازىر 51 ياشتا. ئۇ ئەلدى شەرقىي تۈركستاننىڭ
چوڭ بىر ئۇمۇمىي تارىخى ئۈستىدە ئىشلەۋاتقىنىدىن
تاشقىرى باشقىمۇ ياش ئالىملارنى تەربىيلىمەكتە.

ئەركىن ئالىپتېكىن مەشھۇر ئۇيغۇر ئەربابى ئەيسا
يۇسۇپ ئالىپتېكىننىڭ ئوغلى. ئاتاقلىق نېمىس ئالى-
مەسى ئۇيغۇرشۇناس ئاننا مارىيافونگا بىننىڭ شاگىر-
تى. ئۇ كوپتىن بۇيان ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت كوپلى-
گەن ماقالىلارنى يېزىپ كەلمەكتە. 1970- ژىلى «ئۇي-
غۇر تۈركلىرى» ناملىق ئەمگىگىنى تۈرك تىلىدا يېزىپ،
ستامبۇلدا نەشىر قىلدۇردى. بۇ ئەسەر 8 باب 19
ماۋزۇغا بولۇنۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تۈزۈلۈ-
شىدىن تارتىپ كېيىنكى ھەر بىر دەۋرلەردە چەت
ئەللەرگە كوچۇپ چىققان خەلقلەرنىڭ مۇھاجىرلىق
ئەھۋالىغىچە ئۇزۇن بىر دەۋرنى ئوز ئىچىگە ئال-
دۇ. تارىخچى بۇ ماۋزۇلارنى يورۇتۇشتا ئىنچام ھەم
ئېنىق بىر تارىخىي ستىلدىن پايدىلانسا، ۋاقەلەرنى
بېرىشتە شۇ كۈنگىچە بىزگە مەلۇم بولغان پېششىق
ھەم خېلە ئىشەشلىك مەنبەلەرنى ئۇزىگە ئاساس قىل-
غان. جۈملىدىن، ئۇ بەزى كوز قاراشلاردىن قەتئىي نە-
زەر، ئۇيغۇر دولەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشتا خېلە مۇ-
ۋاپپەقىيەتكە يەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىز ئەركىن ئا-
لىپتېكىننىڭ بۇ ئەسەرنى ماتېريال جەھەتتىن كەلگۈ-
سى مۇكەممەل ئۇيغۇر تارىخى ئۈچۈن مۇھىم بىر مەن-
بە دەپ بىلسەك، سەياسىي جەھەتتىن خەلقىمىزگە ۋە-
تەنپەرۋەرلىك تەربىيە بېرىشتە مەلۇم خىزمەت قىلىدۇ
دەپ ئىشىنىمىز.

تارىخچى ئەركىن ئالىپتېكىننىڭ بۇ تارىختىن كېيىن
ئۇمۇمىي تارىخىمىز ئۈچۈن تەييارلاپ، ئېلان قىلغان
تارىخىي ھوججەتلىرىمۇ چوڭ ئەھمىيەتكە ئېگە. جۈم-
لىدىن، ئۇنىڭ 1990-ژىلى تۈركىيەنىڭ قەيسەر
شەھرىدە بېسىلغان «ھىجرىيىتىمىزنىڭ 40 -ژىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن» ناملىق كىتاۋىدىكى دادىسى ئەيسا
يۇسۇپ ئالىپتېكىن بىلەن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ۋە
قالبەكلەر ئارىسىدىكى خەتلىرى تولىمۇ قىممەتلىكتۇر.

ھازىر تەيۋەننىڭ مەركىزى تەيبى شەھرىدە ئىس-
تىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلچىسى، شائىر ئابدۇللا
ئىمىننى («تېمەننى») بىلەن مەن 1981-ژىلى ستام-
بۇلدا تونۇشقان. ئابدۇللا تېمەن 1940-ژىللىرى ئۇ-
رۇمچىدە ئىشلىگەن ۋاقىتلىرىدا گېزىت- ژۇرناللاردا
شېئىرلىرى بىلەن كورۇنۇپ ژۈرگەن ئېدى. ئۇ 1972-
ژىلى رەسمىي تىلچى سۈپىتىدە ئاۋستىرىيەنىڭ ۋېنا
شەھرىدە ئوتكەن خەلق ئارا تىل-ئىملا مەسىلىلىرى
سىمپوزىومىغا قاتنىشىپ، «1930-ژىللاردىكى ئۇيغۇر
تىل-ئىملا مەسىلىسى» بويىچە چوڭ دوكلاد بىلەن
سوزگە چىقتى. ئالىم ھازىر موشۇ ماۋزۇ ئۈستىدە
ئۇنۇملۇك ئىشلەۋاتىدۇ.

ھازىر چەت ئەللەردە ژۇقۇرىدا ئىسىملىرى ئاتالغان
پېشقەدەم ئالىملىرىمىزنىڭ ئىزىنى بېسىپ، شائلىق تا-
رىخىمىز ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان ياش تەتقىقاتچىلىرىمىز
كوپ. بىز ئۇلار بىلەن ھەقلىق تۇردە پەخىرلىنىمىز.

ي. مۇخلىسى،
ئالىم ۋە يازغۇچى.

چەت ئەللەردىن خەۋەرلەر

تاسس ئاپن

ئالىي دەرىجىدە ئۇچرىشىشقا بولغان يولدا تاشلانغان يەنە بىر قەدەم

قوشما شتاتلار بىلەن سوۋېت ئىت-
تىپاقى ئوتتۇرىسىدا يېۋروپىدا ئادەت-
تىكى قوراللىق كۈچلەرنى قىسقار-
تىش توغرىلىق شەرتنامىغا مۇناسى-
ۋەتلىك زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش
ئالىي دەرىجىدىكى سوۋېت-ئامېرىكا
ئۇچرىشىشىغا نىسبەتەن يول ئېچىپ
بېرىدۇ، دەپ بىلدۈردى ئاقش پرېزى-
دېنتى ج. بۇش. ئۇ لىسسابوندا
سسجنى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى
ئا. ئا. بېسسمېرتنىخ ۋە ئاقش دو-
لەت كاتىبى ج. بېيكېر ئوتتۇرىسىدا
ئوتكۈزۈلگەن مۇزاكىرىلەرگە ژۇقۇ-
رى باھا بەردى. پرېزىدېنت بۇش ئۇ-
لارنى مۇزاكىرىلەرنىڭ مۇۋاپپەقىيەت-
لىك ئوتكەنلىگى مۇناسىۋىتى بىلەن
تەبرىكلىدى، بۇ مۇزاكىرىلەر ۋاقتىدا
سوۋېت-ئامېرىكا مۇناسىۋەتلىرىنىڭ
كەڭ دائىرىدىكى مەسىلىلىرى، شۇ
جۈملىدىن قوراللار ئۈستىدىن نازارەت
ئورنىتىش ساھاسىدىكى مەسىلىلەر،
ئوز ئارا مەنپەئەتدار بولغان باشقا
مۇئەممالار مۇھاكىمە قىلىندى.

ر. چېينىنىڭ بىلدۈرۈشى

1-سېنتەبىرگىچە ئامېرىكىنىڭ ئا-
خىرقى ھەربىي خىزمەتچىلىرى قۇ-
ۋەيتتىن چىقىپ كېتىدۇ، دەپ بىلدۈر-
دى قاھىرەدە بولغان مەتبۇئات كون-
فېرېنسىيەسىدە ئاقشنىڭ مۇداپىئە
مىنىستىرى رىچارد چېينى.

يېقىن شەرىق مەملىكەتلىرى بويى-
چە سەپەر دائىرىسىدە مىسىردا
تورت كۈنلۈك رەسمىي سەپەر بىلەن
بولۇۋاتقان ر. چېينىنىڭ سوزلىرىگە
قارىغاندا، ھازىرقى ۋاقىتتا ئاقش-
نىڭ زورۇرىيەت تېپىلغان تەقدىردە
بۇ رېگىونغا چاپسان ئەسكەر تاشلاش
ئۈچۈن ئىمكانىيىتى ئىلگىرىكىگە قا-
رىغاندا خېلە ئۇرغۇن.

ئېفوپىيە ئىسيانچىلىرى قىساس ئېلىشنى نىيەت قىلمايدۇ

ئېفوپىيە خەلق ئىنقىلاۋى دېموك-
راتىك بىرلىك سېپىنىڭ (ئېخئىدبس)
رەھبىرى مېلېس زېناۋىي لوندون-
دىن كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە ئۇ
ئېفوپىيە گۇرۇھلىرىنىڭ تېچلىق مۇ-
زاكىرىلىرىگە ئىشتىراك قىلغان ئېدى،
مەملىكەتتە ئىشلەۋاتقان چەت ئەل
ئەلچىلىرى ئالدىدا سوزگە چىقتى. ئۇ
جۈملىدىن، مۇنداق دەپ بىلدۈردى:
بىز دىكتاتورا ۋە گراژدانلار ئۇرۇ-
شىدىن دېموكراتىيەنىڭ يېڭى دەۋرىگە
تېچلىق ۋە دېموكراتىك يول بىلەن
ئوتۇشنى خالايمىز. مەن
(ئېخئىدبس) رەھبىرى سۈپىتىدە
1-ئىيۇلغىچە مەملىكەتكە رەھبەرلىك
قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان يېڭى
مەمۇرىيەتكە يولباشچىلىق قىلىمەن،
1-ئىيۇلدىن كېيىن بارلىق سەياسىي
پارتىيەلەرنىڭ، تەشكىلاتلارنىڭ، ئېت-
نىكلىق گرۇپپىلارنىڭ، ئېفوپىيە ئا-
ھالىسىنىڭ بارلىق قاتلاملىرىنىڭ ئىش-
تىراكى بىلەن ۋاكالەتلىك ئوتكۈزۈلگەن
ھوكۈمەتنى قۇرۇش بويىچە كونفې-
رېنسىيە ئوتكۈزۈلىدۇ. غۇلىتىلغان
ھوكۈمەتنىڭ نەزىلىرى ئېتىپ تاشلان-
مايدۇ. بىز قىساس ئېلىشنى ۋە ئۇ-
لار ئۈستىدىن سوت ئويۇشتۇرۇش-
نى نىيەت قىلمايمىز.

غەرىپ مەنپىيەتلىرىدە

بىرىتانىيەنىڭ ئەڭ چوڭ گېزىت نە-
شرىياتچىسى روبېرد ماكسۋېلل
باش مىنىستىر جون مېيجورنى
سسجنى پرېزىدېنتى مىخائىل گور-
باچېۋقا دۇنيانىڭ يەتتە يېتەكچى ئىن-
دۇستىرىيال مەملىكىتىنىڭ دولەت ۋە
ھوكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ كېڭەشمىسى-
گە قاتنىشىش ئۈچۈن لوندونغا كې-
لىشكە تەكلىپ ئەۋەتىشكە چاقىر-
غان. م. س. گورباچېۋنىڭ شەرىقتى-
كى ئەڭ تەسىرلىك رەھبەر بولۇپ قې-
لىشى،- دەپ تەكىتلەيدۇ ئۇ لوندون-
دا چىقىدىغان «مېل» گېزىتىدە بې-
سىلغان ماقالىسىدا،- ئۇلۇق بىرىتا-
نىيەنىڭ ۋە غەرىپنىڭ ئىختىسادىي،
سەياسىي ۋە ھەربىي مەنپىيەتلىرىگە
پايدىلىقتۇر».

زىيائۇل ھەقنىڭ ھالاك بولۇشى سەۋەپلىرى يەنە تەكشۈرۈلمەكتە -

پاكىستاننىڭ باش مىنىستىرى ناۋاز
شەرىف مەملىكەتنىڭ سابىق پرېزىد-
ېنتى زىيائۇل ھەقنىڭ 1988-ژىلى ئا-
ۋىئاتسىيە ھالاكىتىدە ھالاك بولۇشى
ھادىسىسىنى يەنە تەرگەۋ قىلىشنى
باشلاش بۇيرۇغىنى بەرگەن. تەرگەۋ
ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىچكى
ئىشلار مىنىستىرى شاجات ھۇسەيىنگە
تاپشۇرۇلغان. موجۇت تەخمىنگە مۇ-
ۋاپىق، ئاۋىئاتسىيە ھالاكىتىنىڭ سە-
ۋەۋى بۇزغۇنچىلىق بولغان. لېكىن
ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرى مەلۇم ئەمەس،
پەقەت ئۇچقۇچلار ئالدىن-ئالا چاپ-
سان تەسىر يەتكۈزىدىغان زەھەرلىك
گاز بىلەن پالەشلەشتۇرۇلگەنلىگى
تەخمىن قىلىنماقتا.

ئوتكەن ژىلى ئوكتەبىردە ئۇمۇ-
مىي دولەت سايلام ئوتكۈزۈلۈشتىن
ئاۋال زىيا ئۇل ھەقنىڭ ئوغلى ئې-
جاس ئۇزىدە دادىسىنىڭ ھالاكىتى
توغرىلىق يېڭى مەلۇماتلار بار ئېكەن-
لىگىنى بىلدۈردى ۋە تەرگەۋنى يە-
نە باشلاشنى تەلەپ قىلدى.

ئالمۇتا شەھىرى ئايېروددروم
مەھەللىسىنىڭ جامائەتچىلىگى
يۇرت موتىۋەرى
سەيدىن قادىم قۇربانوۋنىڭ
ۋاپات بولۇشى مۇناسىۋىتى بى-
لەن ئورۇق- تۇققان، قومى- قې-
رىنداشلىرىغا چوڭقۇر تەزىيە
بىلدۈرىدۇ.

مۇھەررىر ئا. قاسىموۋ

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئىپەك يولى كوچىسى،
50-ئوي 8-قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى:
قازاقستان سسج مىنىستىرلار
كابىنېتى.

گېزىت ئوفسېت ئۇسۇلى بىلەن
بېسىلدى. بىر باسما تاۋاق.

تېلېفونلار: مۇھەررىر- 69-86-33، مەسئۇل
كاتىپ- 50-86-33، پارتىيە بولۇمى-
81- 86-33، ئىختىسات بولۇمى-06-86-33،
ئەدەبىيات بولۇمى- 27-86-33، مەدەنىيەت
بولۇمى- 01-92-33.

ۋاكاز (2441) تىراژ 8250

«Иени хаят» («Новая жизнь») индекс 653593: приложение Республиканской Социально-политической газеты на уйгурском языке «Уйгур авази» выходит — по вторникам, четвергам и субботам.
Ордена Трудового Красного Знамени типография Издательства ЦК Компартии Казахстана.
г. Алма-Ата, 480044. Проспект Ленина, 24.

ПОГ-60

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى-رويۇڭ سامان بولماس.

1991 يىل 11 ئىيۇن سېيشەنبە
№69 (3162)
باھاسى 4 تىيىن

يېڭى ھايات
НОВАЯ ЖИЗНЬ

گېزىت 1970-يىلى 1-يانۋاردىن باشلاپ چىقىۋاتىدۇ. ھەپتىسىگە ئۈچ قېتىم سېيشەنبە، پەيشەنبە شەنبە كۈنلىرى چىقىدۇ.

جۇمھۇرىيەتلىك ئىجتىمائىي-سەياسىي گېزىت «ئۇيغۇر ئاۋازى»نىڭ قوشۇمچىسى.

قازاقستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى پرېزىدېنتىنىڭ پەرمانى

ئەخمەت ياسساۋىي نامىدىكى تۈركىستان دولەت ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئېچىش توغرىلىق

1. قازاقستان خەلق ئېگىلىكىگە ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېت دەرىجىسىدە ژۇقىرى مەلىكىلىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەييارلاشنى كەڭەيتىش، ئوتتۇرا ئازىيەنىڭ قەدىمىي ئىلمىي ۋە مەدەنىي مەركىزى تۈركىستان شەھىرىنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئەكەللۈزۈش مەقسەتلىرىدە 1991-يىلى تۈركىستان دولەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئېچىلسۇن.
2. تۈركىستان دولەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئۇلۇق شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەخمەت ياسساۋىينىڭ نامى بېرىلسۇن.
3. قازاقستان س س ج مىنىستىرلار كابىنېتى بىر ئايلىق قەرەلدە تۈركىستان دولەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئاساسىي ۋەزىپىلەرنى بەلگۈلىسۇن، مەبلەغ، كادىرلار ۋە ماددىي-تېخنىكىلىق جەھەتتىن تەمىنلەش، موشۇ ئالىي ئوقۇش ئورنىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلسۇن.

قازاقستان سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى ن. نازاربايېۋ.

ئالمۇتا شەھىرى، 1991-يىل، 6-ئىيۇن.

م.س. گورباچېۋنىڭ ئوسلودا نوبېل لېكسىيەسى بىلەن سوزگە چىقىشى

ئوسلو. 5-ئىيۇن. (تاس س). نورۋېگىيەگە سەپەر بىلەن كەلگەن س س ج ئى پرېزىدېنتى، 1990-يىلقى نوبېل تېچلىق مۇكاپىتىنىڭ لائۇرياتى مىخائىل گورباچېۋ ئەنئەنىۋىي نوبېل لېكسىيەسى بىلەن سوزگە چىقتى. لېكسىيەنى ئوقۇش بەلگۈلەنگەن نوبېل مەراسىمىنىڭ تەركىۋىي قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. تەنتەنىلىك مەراسىم نورۋېگىيە پايتەختى شەھەر راتۇشىسىنىڭ مەجلىسلەر زالىدا ئوتكۈزۈلدى. ئۇنىڭغا تەكلىپ قىلىنغان مىڭدىن ئوشۇق مېھمان قاتناشتى.

قازاقستان س س ج ئالىي سوۋېتىنىڭ سېسسىيەسىدە

6-ئىيۇن كۈنى جۇمھۇرىيەت پارلامېنتى ئۆز ئىشىنى بىر كۈن ئىلگىرى تەغدىم قىلىنغان «قازاقستان س س ج دا يۇخرالارنى پېنسىيە بىلەن تەمىنلەش توغرىلىق» قانۇن لايىھەسىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن باشلىدى. دېپۇتاتلار ئا. ئا. تۇرغانبېكوۋ، ن. ب. سائىمبايېۋ، ن. ر. ۋوتابايېۋ، ۋ. ئى. كوتېلنىكوۋ، ئى. ن. ئىسىرگېپوۋ، م. د. قالماتايېۋ، ك. ئى. ئاغمانوۋ، س. ب. شەكتوۋ، ئا. س. كازاكوۋ، ژ. م. دايرابايېۋ، ۋ. ئا. برىنكىن، ك. برىمقۇلوۋ، ب. ئا. قادىربېكوۋ، ۋ. ئا. فېتىسوۋ ۋە س س ج ئى خەلق دېپۇتاتلىرى يې. م. ژاقسىلىقوۋ، ق. ت. تۇرىسوۋ سوزگە چىققاندىن كېيىن قانۇن لايىھىسى بىرىنچى ئوقۇشتا قوبۇل قىلىندى.

«قازاقستان س س ج دا خەلق سالامەتلىكىنى ساقلاش توغرىلىق» قانۇن لايىھىسىمۇ مەنپىيەتدارلىق بىلەن قارالدى. ئۇنى سېسسىيەگە ئالىي سوۋېتنىڭ خەلق سالامەتلىكىنى ساقلاش ۋە ئۇنى ئىجتىمائىي ھىمايە قىلىش بويىچە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دېپۇتات ت. ت. توختاروۋ تەكلىپ قىلدى.

بىرىنچى ئوقۇشتا قوبۇل قىلىنغان قانۇن لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىشقا دېپۇتاتلار ئى. ئو. بايداۋلېتوۋ، م. ئە. ئەلىيېۋ، ئى. ن. ئاياغامبېتوۋ، گ. يازىكوۋ، ئا. ئى. شۇخوۋتسېۋ، ۋ. ۋ. ن. شىبېل، ئا. پ. ۋاگانوۋ، ئا.م. قوڭىسبايېۋ، ۋ. ئى. ۋورونوۋ، ئى. س. قالپېنوۋ، ئو. س. سەبىېنوۋ، ۋ. گ. يازىكوۋ، ئا. ئى. شۇخوۋتسېۋ، ۋ. ۋ. ۋولكوۋ قاتناشتى.

كەچكى مەجلىستە دېپۇتاتلار كۈن تەرتىۋىنىڭ نۆۋەتتىكى مەسىلىسىگە — قازاقستان س س ج تۇرۇشلۇق ئوي كودېكسىنىڭ لايىھىسىنى مۇھاكىمە قىلىشقا كۆچتى. لايىھە بويىچە خەۋەر بىلەن ئالىي سوۋېتنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئاختېكتۇرا مەسىلىلىرى بويىچە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دېپۇتات ئا. ئى. بېكتېمىسوۋ سوزگە چىقتى. دېپۇتاتلار م. ك. رايېۋ، پ. ئا. پاۋلېنا، ك. ك. كۇسېنوۋ، ب. قىدىربېك ئوغلى، ئا. م. كۆچىنسكىي، ئا. ك. ژاغانوۋا، پ. ئى. كرېپاك، س. ك. بايباتوروۋ، د. يا. بروسنىك، ل. ئا. ئارتېرشېنكو، [illegible] لق دېپۇتاتى يې. م. ژاقسىلىقوۋ تۇرۇشلۇق ئوي كودېكسى لايىھىسىگە جىددىي پىكىرلەر بىلەن تەكلىپلەرنى ئېيتتى، لايىھە قوشۇمچە ئىشلىنىدۇ ۋە ئالىي سوۋېتنىڭ نۆۋەتتىكى سېسسىيەسىگە تەغدىم قىلىنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن پارلامېنت «قازاقستان س س ج دا ياشلار بويىچە دولەت سەياسىتى توغرىلىق» قانۇن لايىھىسىنى قاراشقا كىرىشتى، لايىھە بويىچە قازاقستان لېنىنچە كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى كاتىبى دېپۇتات ئى. ن. تاسماغامبېتوۋنىڭ دوكلادى ۋە ئالىي سوۋېتنىڭ ياشلار ئىشلىرى بويىچە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دېپۇتات ب. س. ئەيتىموۋانىڭ قوشۇمچە دوكلادى ئىڭشالدى.

بۇ مەسىلە بويىچە مۇزاكىرىلەردە دېپۇتاتلار ئا. د. فرېزورگېر، ن. گ. يېگورىن، م. ف. ئۇرقۇمبايېۋ، م. م. ئەۋېزوۋ، يۇ. م. سۇخوۋ، ز. س. سالىقبايېۋ سوزگە چىقتى.

قانۇن لايىھىسى بىرىنچى ئوقۇشتا قوبۇل قىلىندى.

ئالمۇتا. قازاقستان س س ج ئالىي سوۋېتىنىڭ تورتىنچى سېسسىيەسى ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.
سۈرەتتە: خەلق دېپۇتاتلىرى ئىش ئۈستىدە.
(قاز تاگ).

پايدىلىق ئۇچرىشىش

1985-يىلى ئاپرېلدىن باشلانغان ئىنقىلاۋىي قايتا قۇرۇش ھەرىكىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق جەمىيەت قاتلاملىرىنىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيانى ھەرىكەتكە كەلتۈردى، خەلق ئارا مەيداندا يېڭىچە پىكىر قىلىش، دۇنيا قەدرىياتلىرىغا باشقىچە باھا بېرىش تەنتەنە قىلىپ، «سوغ مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا» خاتىمە بېرىلدى. خەلق ئارا ۋەزىيەت بارغانسېرى توغرا قىنىغا چۈشۈپ، كۆپلىگەن ئالاش مەسىلىلەر [illegible] ۋە تېچلىق، رازىلىق يولى بىلەن ھەل قىلىنماقتا.

ئەينە شۇنداق شارائىتتا بارلىق خەلقلەر بىلەن مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىگى، تەڭ ھوقۇقلۇق بولۇشى ئوخشاش مۇئەممالار ئالاھىدە ئاكتۇئال بولماقتا، بولۇپمۇ تېخىچە مۇستەملىكە، بېقىندى ھالىتىدە ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ مۇئەممالىرى كۈن تەرتىۋىدىن چۈشكىنى يوق. بېيىل گوللاندىيەنىڭ گائاگا شەھىرىدە تەسىس قىلىنغان ئالتېرناتىۋ بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى ئەينە شۇ مۇئەممالار بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەك.

يېقىندا ئالمۇتا شەھىرى دروۋبا مەھەللىسى ئا. روزىباقىيېۋ نامىدىكى ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىۋىدە تارىخچى ۋە ئەدەبىياتشۇناس ئالىم يۇسۇپبەگ مۇخلىسوۋ بىلەن بولغان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇچرىشىدا ئەينە شۇ ژۇقۇرىدا قەيد قىلىنغان مۇئەممالار توغرىلىق سوز بولدى. ئۇچرىشىشنى فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ ئامىدى، قازاقستان س س ج ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ چوڭ ئىلمىي خادىمى ش. باراتوۋ قىسقىچە كىرىش سوز بىلەن ئېچىپ، يۇ. مۇخلىسوۋ بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ بۇ ئۇچرىشىشنى ئوتكۈزۈشنى ئۆزۈندىن نىيەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، مانا ئاخىرى بۈگۈن بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى تەكىتلەپ، ئۇنى رەسمىي مەجلىس سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى «دۈگىلەك ئۈستەل»، يەنى سوئال-جاۋاپ تەرىقىسىدە ئەركىن پىكىرلىشىش شەكلىدە ئوتكۈزۈش نىيىتىنى بىلدۈرۈپ، ئاندىن يۇ. مۇخلىسوۋنىڭ تەرجىمە ھالى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى بىلەن تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى، ئەدەبىياتشۇناس ش. كىبىروۋقا سوز بەردى. شاۋدۇن كىبىروۋ تارىخچى، ئەدەبىياتشۇناس، يازغۇچى، دراماتۇرگ ۋە ژۇرنالىست يۇسۇپبەگ مۇخلىسوۋ ئىجادىيتى توغرىلىق قىسقىچە سوزلەپ بەردى ۋە ئەدىپنىڭ بەزى ئەسەرلىرى ھەققىدە توختىلىپ، تەھلىل قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن سوزگە چىققان يۇ. مۇخلىسوۋ ھازىرقى [illegible] ئەھۋال، ماۋچىلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ژۇرگۈزگەن قەبىھ، رەزىل ھەرىكەتلىرى توغرىلىق بايان قىلىپ، بەزى بىر فاكتلار بىلەن ماۋىزمنىڭ شوۋىنىستىك ئەپتى-بەشىرىسىنى پاش قىلدى.

ئەدىپ قايتا قۇرۇش ۋە ئاشكارىلىق دەۋرىدە خەلقىمىزگە، بولۇپمۇ ياشلارغا تارىخىمىزنىڭ تا موشۇ كەمگىچە يورۇتۇلماي كەلگەن مۇھىم ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا چىگىش تەرەپلىرىنى ئېچىپ بېرىش ھەققىدە سوز قىلىپ، ئالىملارنىڭ بۇ يولدا قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئۈستىدە توختالدى. يۇ. مۇخلىسوۋ خەلق ئۈچۈن مىللىي مۇستەقىللىقتىن، ئازاتلىقتىن ئوشۇق بەخت بولمايدىغانلىقىنى ئاتاپ كورسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئوتكەن ژىلى گېرمانىيە فېدېراتىۋ جۇمھۇرىيەتىگە ۋە بېيىل ئاپرېل-ماي ئايلىرىدا سەئۇدىيە ئەرەبىستانىغا قىلغان سەپەرلىرى، ئۇ يەرلەردىكى ۋەتەنداشلار بىلەن ئوتكۈزگەن ئۇچرىشىشلىرى ۋە ئۇلاردىن ئالغان تەسىراتلىرى توغرىلىق تەپسىلىي سوزلەپ بەردى. ئۇ شۇنداقلا چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى توغرىلىقمۇ جامائەتچىلىككە قىزىقارلىق، ناھايىتى مەنپىيەتدارلىق ئەرسىلەرنى سوزلەپ بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئالىم ژىغىلغانلارنىڭ ئۆزۈندىن بۇيان ئۇزلىرىنى قىيناپ كېلىۋاتقان كوپلىگەن سوئاللىرىغا جاۋاپ بەردى. ئۇچرىشىشنىڭ ئاخىرىدا «غېنى باتۇر» ناملىق ھۆججەتلىك فىلم نامايىش قىلىندى.

ئۇچرىشىش ئوچۇق پىكىرلىشىش، سەمىمىي شارائىتتا ئوتتى.

(ئوز مۇخبىرىمىز).

ژۇقۇرى كورسەتكۈچ

ئوتكەن ژىلى تول ئېلىش بويىچە ئەمگەك قىزىل تۇغى ئوردېنلىق كىروۋ نامىدىكى كولخوز ناھىيە بويىچە بىرىنچى ئورۇننى ئىگىلىگەن ئىدى. بىيىلمۇ كولخوز چوپانلىرى ژۇقۇرى ئەنجىلەرگە يەتتى. ئۇلار ھەر يۈز ساغلىقتىن ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 113 تىن قوزا ئالدى. بۇ ئۇتۇقتا كوممۇنىستلار ھ. داۋۇدوۋ ۋە ت. سادىخمېتوۋلار يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان فېرما چوپانلىرى سالماقلىق ھەسسە قوشتى. ھەر يۈز ساغلىقتىن 115 تىن قوزا ئېلىپ، ئۇلارنى چىقىمسىز قاتارغا قوشۇش يولىدا ئەستايىدىل ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ.

بۇ كۈنلەردە ئېگىلىكتە قوي قىرقىش ئىشى تەشكىللىك ژۇرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. مالچىلار يازلىق يايلاققا كوچۇشكە تەييارلىق كورمەكتە.

ئوز مۇخبىرىمىز.
تالدىقورغان ۋىلايىتى.

دىنىي مەراسىم

يېقىندا ئالمۇتا شەھىرىنىڭ لېنىن رايونى تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلار زىيارەتگاھىدا سۇلتانقورغان، لېنىنسكاياسمېنا، ئايېرودرومنايا مەھەللىلىرى ۋە «دوروۋنىك»، ئاينابۇلاق مىكرو رايونلىرى جامائەتچىلىكىنىڭ زاراخەتمە- يامغۇر تىلەش- مەراسىمى بولۇپ ئوتتى.

ئەتىگەن سائەت 10دا ھەممە تولۇق ژىغىلغاندىن كېيىن زىيارەتگاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستى يېپىق مەخسۇس سۇرىدىن مەھەللىلەرنىڭ ئاقساقاللىرى، دىنىي زاتلار جاي ئالدى. ئاندىن كېيىن نامى كوپچىلىككە مەلۇم بولغان يارمەھەممەت قارى بۇ قېتىمقى زاراخەتمە ۋە ئۇنى قانداق ئوتكۈزۈشنىڭ قائىدە- يۇسۇنلىرى توغرىسىدا مەرۇزە ئوقۇدى. ئۇ ئوز مەرۇزىسىدە، زاراخەتمە قىلىش ئاتا- بوۋىلىرىمىزدىن بىزگە مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىلىرىمىزدىن بىرى ئېكەنلىكىنى تەپسىلىي چۈشەندۇرۇپ، ئەنئەنە باشلىنىشتىن ئالدىن زىيارەتگاھنى ئوبدان تازىلاپ، ھەممە ياقنى سەرەمجان- پاكىزە قىلغاندىن كېيىن قۇرئانلىق قىلىنىشى لازىملىقىنى ئېيتتى.

زىيارەتگاھتا ياخشىلىق، ساۋاپ تىلەپ چىققان بارلىق جامائەت ئۇنىڭ ئىچىنى زور ئىشتىياق بىلەن تازلاپ چىقتى. قۇرئانلىق قىلىنىپ،داش قازانلاردا تاماقلار تەييارلاندى. يارمۇھەممەت قارىنىڭ يولباشچىلىقى بىلەن ئەخمەتجان قارى، مۇئاۋىن قارى، ئاۋۇت مەزىن، يۇرت مۇتىۋەرلىرىدىن ئوسمانجان، ئىدرىساخۇن، ئابدۇۋېلى، ئابدىرېھىماخۇن، ھوشۇراخۇن، ئەبەيدۇللام، رۇستەم، مۇدەستەر، تۇرسۇن ۋە قاھھارلار ئايەت ئوقۇدى. دۇئا- تەكبىر ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن جامائەتچىلىككە تاماق تارتىلدى. ھەر كىم ئىختىيارىچە تەييارلاپ كەلگەن قويماق، ژىت ۋە باشقىمۇ نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تاماق يېيىلىپ بولۇپ، دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن زىيارەتگاھنىڭ كامكوتىسىغا ئىشلىتىلىشى ئۈچۈن ھەر بىر جامائەتچىلىك تەرىپىدىن ياردەم پۇل ژىغىلدى.

ت. بېيشانوۋ.
ئالمۇتا شەھىرى.

مال بوداشنىڭ پايدىسى

«ئوكتەبرنىڭ 40 ژىللىقى» ئاگروفىرمىسى ئون بىرىنچى بەش ژىللىققا نىسبەتەن ئون ئىككىنچى بەش ژىللىقتا گوش يېتىشتۈرۈشنى ئىككى ھەسسە كۆپەيتتى. بۇ جەھەتتىن مالنى ئىنتېنسىۋ بوداش ۋە قوش ئېگىلىگىنى تەرەققىي ئەتكۈزۈش مۇھىم دېپ- پىرۇۋاردىن بولۇۋاتىدۇ.

يېقىندا كومپلېكسلاردا بودالۋاتقان قىرىق مىڭغا يېقىن قوي گوش ئۈچۈن ئوتكۈزۈلدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئوتتۇرا تىرىك سالمىقى 73 كىلوگراممىنى تەشكىل قىلدى.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، قايسىرما ئۈچاستكىسىدىكى قايىربېك تولپاييۋ باشقۇرىدىغان مال بوداش كومپلېكسىدىن ئوتكۈزۈلگەن ھەر قويىنىڭ تىرىك سالمىقى 76 كىلوگراممغا يەتتى. ھەر بىرىدىن 4,5 كىلوگراممدىن ژۇڭ ئېلىندى. بۇ ھازىرغا ناھىيە بويىچە ئەڭ ژۇقۇرى كورسەتكۈچ بولۇۋاتىدۇ.

ئا. ئۇدىياروۋ.
تالدىقورغان ۋىلايىتى.

ژۇقۇرى پەللىنى كۆزلەپ

بېيىل ئۇيغۇر ناھىيەسى تاشتىقارسۇ سوۋخوزىنىڭ ئوتۇرنچى بىرىگادىسىدىكى دېخانلار ھاۋا رايىنىڭ ناقولاي كېلىشىگە باغلىق، تېرىلغۇ ئىشلىرىنى كېچىكىپ باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلار ھەر بىر مىنۇتنى ئاكتۇندەك قەدىرلەپ، تېرىلغۇنى ئوز ۋاقتىدا تاماملاش ئۈچۈن تىرىشىپ ئەمگەك قىلماقتا.

— بىز بېيىلقى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ھەر قانداق ژىللاردىكىگە نىسبەتەن پۇختا تەييارلىق بىلەن كەلدۇق، —دەيدۇ مەزكۇر بىرىگادىنىڭ يېتەكچىسى ئىسمايىل ئاماكوۋ.— جۈملىدىن كومۇقوناق تېرىلىدىغان يەرلەرگە قىش كۈنلىرى يېتەرلىك دەرىجىدە يەرلىك ئوغۇت توشۇلغان ئىدى. ئۇرۇق چېچىشنىڭ ئالدىدا بۇ يەرلەرگە يەنە مىنېرال ئوغۇت چاچتۇق، ئەينە شۇنداق ئوغۇت بىلەن كۈچەيتىلگەن مەيدانىنىڭ 300 گېكتارىغا «ئالاتاۋ»، «دنېپروۋسكىي»، «كولخوزنايا-1» سورتلۇق كومۇقوناق، قالغان 100 گېكتار يەرگە ئۇرۇقلۇق بېدە، 200 گېكتار يەرگە كۆزگە تېرىپ، كومۇقوناقنىڭ ھەر گېكتارىدىن 55، ئارپىنىڭ ھەر گېكتارىدىن 25 سېنتنېردىن ھوسۇل ۋە بېدىنىڭ ھەر گېكتارىدىن 2 سېنتنېردىن ئۇرۇق ئېلىشنى مەخسەت قىلدۇق. لېكىن كوزلىگەن ھوسۇلنىڭ ئوز- ئوزىدىن قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىمىز. شۇڭلاشقا موشۇ باشتىن تارتىپ، يەرگە ياخشى ئىشلەشكە كىرىشتۇق. موشۇ كۆزلەردە كۆزلۈك بۇغداي قوشۇمچە ئوغۇتلاندۇرۇلدى. ئارپىنىمۇ تېرىپ بولدۇق. كومۇقوناق تېرىلىدىغان يەرلەر ئوسا قىلىنىپ ھايدىلىۋاتىدۇ. بۇ ئىشلاردا دېخانلاردىن ن. غازىيېۋ، يۇ. سېمەتوۋ، ب. مايلىبايېۋلار، شۇنداقلا غ. نورۇزوۋ ۋە مىخايىل گرىگورېيېۋېچ قاتارلىق مېخانىزاتورلار تىرىشىپ ئىشلىمەكتە.

بىرىگادىرنىڭ بۇ سوزلىرىدىن بىرىگادا ئەزالىرىنىڭ تېرىلغۇ ئىشلىرىنى سۇپەتلىك ئاياقلاشتۇرۇشقا ھەقىقەتەنمۇ بارلىق كۈچ- غەيرىتىنى سېلىۋاتقانلىقىنى كورۇۋېلىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ كوزلىگەن پەللىگە يېتىشىگە كاپالەت بېرىدۇ.

ئە. تايىروۋ.
ئۇيغۇر ناھىيەسى.





سۈرەتلەردە1. مېخانىزاتور غ. نورۇزوۋ. 2. ئۇرۇق چېچىش مەزگىلى.
ئاۋتورنىڭ سۈرەتلىرى.

پايتەخت كارخانىلىرىدا

چېۋەر تىكىنچى

«تۇسكىيىز» فابرىكىسىنىڭ 9-ناياپ زەرلىك بۇيۇملار تىكىش سېخىدا ئىش جەريانلىرى بىر قانچە بىرىگادىغا بولۇنگەن ھالدا، ئاساسەن، كونۋېيېر ئۇسۇلىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. پەقەت ئىككى تىكىنچىلا بىرىگادىدىن تاشقىرى يەككە تەرتىپتە مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىدۇ. يەنى ھەر بىر كىيىمنى باشتىن ئاخىرىغىچە ئوزلىرى يالغۇز تىكىپ چىقىدۇ. بۇ ئىككى تىكىنچىنى سېختا ئەڭ چېۋەر ئۇستىلار، دەپ تەرىپلىشىدۇ.

موشۇ ئىككى ئۇستىنىڭ بىرى ئىززەت تۇردىيېۋانىڭ فابرىكىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقىنىغا كوپ ژىللار بولدى. كىچىكىدە تىكىنچى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ، بۇ يەرگە ئىشقا كەلگەن تىرىشچان قىز ئىشلەپ ژۈرۈپ كەچكى مەكتەپتە 10-سىنىپنى تۈگىتىۋالدۇ.

ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ كىچىكىدىنلا ژىڭنە ئىشىغا، تائام تەييارلاشقا ئۈگىنىپ بېرىلىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. خۇددى شۇنداق ئىززەتمۇ ئاپىسىدىن تىكىنچىلىكنىڭ سىرلىرىنى خېلە ئۈگىنىۋالغان ئىدى. مەزكۇر ھۇنەر فابرىكىدا ئىززەتكە ياخشى ئەسقاتتى. تېز ئارىدىلا ئوزىنىڭ ئەپچىللىكى، چاققانلىقى، سۈپەتلىك ئىش قىلىشى بىلەن كوزگە چۈشتى. ئاستا- ئاستا ئىلغارلار سېپىدىن ئورۇن ئېلىپ، سۈرىتى ھورمەت تاختىسىغا ئېلىندى.

بىراق ھەممە ئاياللارغا ئوخشاش ئىززەتمۇ ئائىلە قۇرۇپ، باللىق بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنى داۋام قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1977-ژىلى ئويدە ئولتۇرۇپ ئىشلەشكە شارائىتى بار «تۇسكىيىز» فابرىكىسىغا ئىشقا ئورۇنلاشتى. ئىززەت بۇ يەردىمۇ قازاق مىللىي كىيىملىرىنى تىكىشنى تېزلا ئوزلەشتۇرۇۋالدى، دايىم ئىش پىلانلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاپ كەلدى.

ئارىدىن كوپ ئوتمەي «قازاقفىلم» كىنوستۇدىيەسى ئاتاقلىق يازغۇچى زىيا سەمەدىينىڭ «مايىمخان» رومانى ئاساسىدا «ئەژدىھا ژىلى» ناملىق كىنو فىلم ئىشلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا مەزكۇر فىلمغا كېرەكلىك كىيىملەرنى تىكىش ئىززەت ۋە ئۇنىڭ ئىشداشلىرىغا تاپشۇرۇلدى. ئۇلارنى ئۇيغۇر مىللىي ئەنئەنىلىرىگە ئەمەل قىلغان ھالدا، كوڭۈلدىكىدەك تىكىپ چىقىشتا ئىززەتنىڭ ئۈلۈشى چوڭ بولدى.

1981-ژىلى ئۇيغۇر تېئاترى كوللېكتىۋى [illegible] قېتىم موسكۋاغا گاسترولغا بارىدىغان بولۇپ قالغانىدىمۇ، دەپ ئەسلەيدۇ ئى. تۇردىيېۋا سوھبەت ئارا.- «ئەژدىھا ژىلى» كىنوسى ئۈچۈن تىككەن كىيىملىرىمىز ئۇلارغا ياققانلىقى ئۈچۈن گاسترول كىيىملىرىنى بىزگە تىككۈزدى. تىككەن كىيىملىرىمىزنىڭ بۇيرۇتمىچىلارغا ياققانلىقىنى ئەينى ۋاقىتتا فابرىكىمىز رەھبەرلىرىنىڭ بىزگە بولغان ئىشەنچىسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. خۇددى شۇنىڭدىن كېيىن مەمۇرىيەت مېنى فابرىكىنىڭ تەجرىبە لابوراتورىيەسىگە ئىشقا يوتكىدى.

فابرىكىنىڭ موشۇ تەجرىبە لابوراتورىيەسىنى ئۇنىڭ ژۈرىكى دېسە ھېچ مۇبالىغە بولمايدۇ. مەۋھۇۋى بۇ يەردە ئىززەت ۋە ئۇنىڭ كەسىپداشلىرى تىككەن ھەر خىل كىيىملەر سىناقتىن ئوتكەندىن كېيىن سېخلاردا ئوزلەشتۇرۇلىدۇ. ئەينە شۇنىڭدىن كېيىن كوپ ئوتمەي، ئىش پىلانلىرى توغرا يولغا قويۇلدى. نېمە تىكىپ، نېمە ئىشلەپ چىقىرىش ئېنىق بولدى. بۇ فابرىكا ئىختىسادىي ئەھۋالىنىڭ كوندىن- كۈنگە ياخشىلىنىشىغا ئېلىپ كەلدى.

ئىززەت تۇردىيېۋانىڭ 9-ناياپ زەرلىك بۇيۇملار سېخىغا كىرىپ يەككە تەرتىپتە ئىش قىلىپ كېلىۋاتقىنىمۇ خېلە ۋاقىت بولۇپ قالدى. كونۋېيېر ئۇسۇلىدىن كورە بۇ ئۇسۇلدا ئىشلەش ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن ماقۇل كەلدى. ئىززەت شۇ كۈنلەردە ئادەتتىكى ئىش پىلانلىرىدىن تاشقىرى بۇيرۇتما كىيىملىرىنىمۇ تىكىدۇ. مەسىلەن، ئەر- ئاياللارنىڭ كىيىملىرى، توي كىيىملىرى ۋە ھەر خىل مىللىي كىيىملەر ئىززەتنىڭ چېۋەر قوللىرىدىن چىقىپ ئوزىنىڭ خېرىدارلىرىغا يېتىدۇ.

— بىراق باھالارنىڭ كوتىرىلىشى، ھەممىمىزنى چوڭ تەشۋىشكە سېلىپ قويماقتا،— دەيدۇ ئۇ سوھبەت ئارا،— ئاپرېل ئېيىدا ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتلىرىمىزنى قىممەتلىكى ئۈچۈن ھېچ بىر سودا ئورۇنلى ئالمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدىغان جايلار مەھسۇلاتنى بىر نەچچە ھەسسە قىممەتلەشتۈرۈۋەتكەچكە ھېچ كىم ئالمايۋاتىدۇ. زاپاسىمىزمۇ كام... ئەتىكى كۈنىمىزدىن تەشۋىشتىمىز، ئىشسىز، ئايلىقسىز قالىمىزمۇ، دەپ قورقىمىز.

ھەممىلا يەردە موجۇت ئەھۋال بو- ھەقىقەتەنمۇ، بۇنداق تەشۋىش لۇپ قالدى. فابرىكىنى، ئىشچىلارنى بۇ قىيىنچىلىقتىن ئېلىپ چىقىشنىڭ جىددىي چارىسىنى كورۇش كارخانا مەمۇرىيىتىگە باغلىق، ئەلۋەتتە. ھازىر تەدبىركارلىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىش كېرەك. چۈنكى دەۋىر شۇنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ھاكىم مۇھەممەت.
ئالمۇتا شەھىرى.

كادىرلار ئوقۇشى

ئالمۇتىنىڭ سەياسەتشۇناسلىق ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ كادىرلارنىڭ مەلەكىسىنى ئاشۇرۇش فاكۇلتېتىدا ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ ئىدېولوگىيەلىك ئىش مەسىلىلىرىنى باشقۇرىدىغان كاتىپلىرىنىڭ ۋە ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ئىدېولوگىيە بولۇملىرى جاۋاپكەر خادىملىرىنىڭ ئوقۇشى تاماملاندى.

ئۇلار قايتا قۇرۇشنىڭ ھازىرقى باسقۇچىنىڭ، بازار ئىختىسادىغا كوچۈشنىڭ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يېڭى شارائىتتىكى ئىدېولوگىيەلىك پائالىيىتىنىڭ ئاكتۇئال پروبلېمىلىرىنى ئۈگەندى.

تىڭشىغۇچىلار ئالدىدا قازاقستان كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سەياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى گ. يا. كوزلوۋ، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بولۇم باشلىقلىرى ژ. س. كەرىبژانوۋ، ك.س. ئومىرباقىيېۋا، ق. س. سۇلتانوۋ، جۇمھۇرىيەتلىك ئاممىۋىي ئەخبارات ۋاستىلىرىنىڭ، مىنىستىرلىكلەر بىلەن ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى، پارتىيە خادىملىرى، س ئى ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ، ئالمۇتا سەياسەتشۇناسلىق ۋە دولەت ئورگانلىرىنىڭ جاۋاپكەر ۋە باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى سوزگە چىقتى.

سېمىنارلار، «دۈگىلەك ئۈستەل» ئەتراپىدا سوھبەتلەر بىلەن ئۇچرىشىشلار، مۇنازىرىلەر بولۇپ ئوتتى. مۇھىم سەياسىي پروبلېمىلارنى سوتسىئولوگىيەلىك تەتقىق قىلىش مېتودىكىسى ۋە ئۇنى ئۈگىنىشتۇرۇش، ئىش بابىدا ۋە سەياسىي مۇئامىلە قىلىش پسىخولوگىيەسى، كوپچىلىك ئالدىدا سوزگە چىقىش ماھارىتى بويىچە ئەمەلىي مەشغۇلاتلار ئۇيۇشتۇرۇلدى.

(قازتاگ).

تەبرىكنامە

كورنەكلىك ئۇيغۇر يازغۇچىسى سېيىتجان سېتشىۋ 60 ياشقا تولدى. ئوزبەكستان يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنى قىزغىن تەبرىكلەيدۇ.

سېيىتجاننىڭ ئىجادىيىتى 1950-ژىللاردا باشلانغان. ئۇنىڭ قاتار ھېكايىلىرى ئۇرۇمچى شەھىرىدە چىقىدىغان «شىنجاڭ ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتى» (ھازىرقى «تارىم»)، «ياش كوممۇنىست» (ھازىرقى «شىنجاڭ ياشلىرى») ژۇرناللىرىدا نەشر قىلىنغان.

سېيىتجان ئالمۇتىغا كوچۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھېكايىلىرى ئۇيغۇر تىلىدا چىقىدىغان «كوممۇنىزم تۇغى» (ھازىرقى «ئۇيغۇر ئاۋازى»)، «يېڭى ھايات» گېزىتلىرىدە، «پەرۋاز» ئالماناخىدا مۇنتەزىم بېسىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئادالەت، پاكلىق ھەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇيغۇلىرى ئۇلۇغلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتى ئۆزىگە خاس ئاھاڭلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇ ھېكايىلارنىڭ كوپى «دەسلەپكى چېچەكلەر»، «ياز ئاخشىمى»، «ۋاپا» ناملىق توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن.

«ژازۇشى» نەشرىياتىدىن چىقىش ئالدىدا تۇرغان مۇئەللىپىنىڭ «ئازاتلىق يولى» رومانىدا بولسا، 1944-1949-ژىللىرى ئۇيغۇرستاندا ئاددى مېھنەتكەشلەرنىڭ ئوز ئازاتلىغى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كورەشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

قۇتلۇق 60 ياشقا كىرگەن مۇختەرەم ئەدىبىمىز سېيىتجان ئوبۇلخەيرى ئوغلىغا ئۇزاق ئومۇر، مۇستەھكەم سالامەتلىك ۋە يېڭى- يېڭى ئىجادىي زەپەرلەر تىلەيمىز.

ئوزبەكستان يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى.

ئەدىپنىڭ 60- باھارى

تەلەپچان ھېكايىنەۋىس

1950- ژىللىرى. شىنجاڭدا يېڭىدىن نەشىر قىلىنىشقا باشلىغان گېزىت-ژۇرناللارنى دېمەگەنلىكنى ئويدە، «تارىم» ئەدەبىي ژۇرنىلىنىڭ ھەر ئايدا چىققان، ياش قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئەدەبىيات سېپىگە كېلىپ، كېيىندىن كىرىپ كېلىۋاتقان، قىسقىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ «بۇگۈنكىدەك بولمىسىمۇ» ھەر قانداق كىشىنىڭ ئېتىبارىنى ئۆزىگە تارتقۇدەك دەرىجىدە ئۇسۇۋاتقان بىر دەۋرى ئىدى. سېيىتجان سېتشىۋ شۇ مەزگىللەرنىڭ ئۆزىدىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ياش يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ سانىلاتتى.

1957- ژىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا- بىرىنچى كۇرستا ئوقۇۋاتقان چېغىم. بىر ساۋاقداشىم:

— سەن سېيىتجان سېتشىۋنى كورگەنمۇ؟ —دېدى كوچىدا مەن بىلەن بىرگە كېتىۋېتىپ.

— ياق.

— ئۇنداق بولسا، قارا، ئەنە ئەۋۇ بىزگە قارشى كېلىۋاتقان... سېتشىۋ.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سېيىتجان بىر دوكانغا كىرىپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن سېيىتجاننىڭ ئەگىشىپ دوكانىنى ئارىلىغان ۋە سىرتقا چىققاندىن كېيىن ئىككى قېتىمچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭغانمەن. شۇندىن بولسىمۇ ئۇ ۋاقىتلاردا ئۇزىم ھېچ نەرسە يازمىغىنىم ئۈچۈنمۇ سېيىتجان بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغان ئىدىم. كېيىنىرەك ئەدەبىياتقا ئاتىغە مۇنچە ئارىلىشىپ «تارىم» ژۇرنىلىغا بېرىپ ژۇرگەن چاغلىرىمدا بولسا، ئۇ «ئونگچى»، «مىللەتچى» دېگەنگە ئوخشاش توھمەتلەر بىلەن «تۇۋەنگە» چۈشۈرۈلگەن ئىدى...

بىز پەقەت موشۇ سوۋېت دىيارىدا 1964- ژىلى تونۇشتۇق.

بىر كۈنى «كوممۇنىزم تۇغى» گېزىتىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت بۆلۈمىگە كىرسەم سېيىتجان ئولتۇرۇپتۇ. سالاملىشىپ قويغاندىن كېيىن ۋاقىتتىكى بولۇم باشلىقى ھەزىمەت ئابدۇللىن بىزگە قاراپ:

— تونۇشسالار ئۆتۈپ تونۇشۇۋالسىلەر،— دېدى.

مەن دەررۇ:

— تونۇشمايمەن، لېكىن سېتشىۋنى ئۇرۇمچىدە كورۇپ ژۇرگەن، دېدىم. سېيىتجان ئۆز نۆۋىتىدە مېنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى.

— بۇ ئابلىز ھېزىمۇۋ، —دېدى ھەزىمەت ئاكام، — بالام ئوقۇغۇچىسەن. ھېلىغىچە بۆلۈمنىڭ «قايناتىمۇ» ئۇنىڭ ئوقۇش بىر... نىڭ ھەققىدە،— دېگەن ماقالىسىنى گېزىتىمىزگە بەردۇق...

سېيىتجان سېتشىۋ 1931- ژىلى 15- مايدا غۇلجا شەھىرىدە، ھونەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. روھ... مەكتەپنى، ئەخمەتجان قاسىمىي نامىدىكى غۇلجا بىلىم يۇرتىنى تاماملىغان ۋە بىر ژىل شىنجاڭ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا تەلىم ئالغان. 1951-1961- ژىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان. 1961- ژىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن، ئالمۇتا شەھىرىدىكى خىمىيە بۇيۇملىرىنى ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇتىدا ۋە ئالدىن باسمىخانىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1969-ژىلدىن تارتىپ ئوزبەكستان تېلېۋىدېنىيې ۋە رادىو ئاڭلىتىش دولەت كومىتېتى يېنىدىكى ئۇيغۇر رېداكسىيەسىدە كىچىك مۇھەررىر، مۇھەررىر ۋە باش مۇھەررىرنىڭ ئورۇنباسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئاتقۇرغان. ھازىرقى كۈندە بولسا، شۇ رېداكسىيەدە بولۇم مۇدىرى.

سېيىتجاننىڭ تۇنجى ئەسەرى- «تاڭ ئالدىدىن بىر كېچە» دېگەن ھېكايىسى 1953-ژىلى «شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئىتى» ژۇرنالىدا بېسىلغان... ئۇنىڭ ھېكايىلاردىن تەركىب تاپقان بىرىنچى توپلىمى «دەسلەپكى چېچەكلەر» دېگەن نام بىلەن «ژازۇشى» نەشرىياتىدىن 1968-ژىلى، «ياز ئاخشىمى» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككىنچى توپلىمى 1976- ژىلى، «ۋاپا» ناملىق ئۈچىنچى توپلىمى بولسا، 1984-ژىلى ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈز كورۇشكەن.

ھەر ژانىرنىڭ ئۈچىنى بىر تۇتۇپ، يە ئۇياقلىق، يە بۇ ياقلىق بولالماي ژۇرۇشنى ئەدىپ ئۈچۈن ئۇيات دەپ بىلگەن سېيىتجان ئىجادىيەتكە بولگەن ۋاقتىنىڭ كوپ قىسمىنى پروزا ژانىرىنىڭ ئەڭ ئىخچام تۇرى بولغان ھېكايە (ئارىلاپ ھەجۋىيە) يېزىشقا سەرىپ قىلدى. ماۋزۇ تاللاشتىمۇ كورۇنگەن «شاققا» ئىسلىماستىن، ئوزى ياخشى بىلىدىغان، كوز ئالدىغا كەلتۇرەلەيدىغان: خەلقىمىزنىڭ ئوتمۇشتە بېشىغا چۈشكەن زۇلۇم-كۇلپەتلەر، خەلقىمىزنى ئوزى خالىغانچە ئېزىپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى سۇلۇكتەك شوراپ كەلگەن ئەمەلدارلار، نىھايەت خەلقىمىز ئىچىدىن چىققان، زۇلۇمغا، زومىگەرلەرگە باش ئەگمىگەن مەردانىلار توغرىسىدا يازدى. ئەندى ھەجۋىيلىرىدە بولسا، تۇرغۇنلۇق ژىللىرىدىكى تەگسىزلىكلەر، ئادەمگەرچىلىكنىڭ شەنىگە داغ چۈشىرىدىغان ئىللەتلەرنى پاش قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئوز ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىنساپلىق، دىيانەتلىك بولۇشقا، ئىنسانلىق پەزىلەتلەرنى ھورمەت قىلىشقا چاقىردى.

سېيىتجاننىڭ بەزى ھېكايىلىرى ئەشۇ 50-ژىللارنىڭ ئوزىدىلا ختايچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ختاي تىلىدا نەشر قىلىنىدىغان ژۇرناللاردا بېسىلغان، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كوچۇپ چىققاندىن كېيىن بىر قاتار ئەسەرلىرى رۇس، ئوزبەك، قاراقالپاق ۋە تۇگان تىللىرىدا يورۇق كوردى. شۇلداقلا «سوۋېت ئەدەبىياتى» روبرىكىسى ئاستىدا سېيىتجاننىڭ ئۈچ ھەجۋىيسىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونىدا چىقىدىغان «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنالى ئۆزىنىڭ 89-ژىللىق 6- سانىدا، بىر تۇركۇم ھېكايىلىرىنى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنالى 88- ژىللىق 6-سانىدا ۋە «تارىم» ژۇرنالى 91-ژىللىق 2-سانىدا ئېلان قىلىش بىلەن ئانا يۇرتىمىزدىكى مىللىونلىغان ئوقۇغۇچىلارغا تونۇشتۇردى.

سېيىتجان 60 ياشقا قۇرۇق قول كەلگىنى يوق. ئۇ ئوتكەن ژىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى توغرىلىق يازغان «ئازاتلىق يولى» ناملىق رومانىنىڭ قول يازمىسىنى «ژازۇشى» نەشرىياتىغا تاپشۇرغان.

ئا. ھېزىمۇۋ،

س س ج ئى يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى.

سېيىتجان سېتشىۋ

كوزۇڭنىڭ بارىدا...

(ئوتمۇشتىن ھېكايە)

جامالىدىن ئاكا كەچكى تاماقتىن كېيىن ئادىتى بويىچە خولۇم- خوشنىلار بىلەن بىر دەم- يېرىم دەم گەپلىشىپ ئولتۇرۇش مەخسىتىدە كوچىغا ماڭدى. قوچاق يەتكۈسىز يوغان ئىككى تۈپ سىدە ۋە شاخارىپ، ئېگىز ئۆسكەن سوگەتلەرنىڭ سايىسىغا ياسالغان دۇكان يېزىنىڭ مەركىزى ھېساپلىناتتى. كەچقۇرۇن قولى ئىشتىن بوشىغان كىشىلەر ئەشۇ دۇكاننىڭ ئالدىغا ژىغىلىشاتتى. مەلىنىڭ ياش- يالاڭ باللىرى بولسا، بۇ يەردە تاكى يېرىم كېچىگىچە ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينىشاتتى، ياكى چۆچەك ئېيتىشىپ ئولتىرىشاتتى.

جامالىدىن ئاكا بۈگۈن دۇكاننىڭ ئالدىغا ئادەتتىكىدىن كۆپىرەك ئادەم توپلانغانلىقىنى كۆرۈپ قىزىقىپ قەدىمىنى تېزلەتتى. يېقىنراق كېلىپ قارىسا، كېۋىر دوغداق ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇۋېلىپ راسا سوزلەۋاتقان ئېكەن.

«ھوي، بۇنى شەھەرگە كىرىپ كەتتى، دەۋاتاتتى چىقىپتۇ- دە دەپ ئويلىدى جامالىدىن ئاكا،- ھاغىچە گەپ تېپىپ چىققاندۇر يەنە»

دېمىسىمۇ مەلىدە كېۋىر دوغداق باشقىلارغا قارىغاندا تۇرلۇك ئىشلاردا چەبدەسلىكى، گەپچى ۋە مەمەدانلىقى بىلەن تونۇلغان ئىدى.

جامالىدىن ئاكا بەلدىگىدە بوش ئورۇن بولمىغانلىقتىن ياشلار ئولتارغان كوتەكنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ ئولتارماقچى بولۇۋېدى، بەلدىگىدە ئولتارغانلاردىن بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ، جايىغا تەكلىپ قىلدى.

— جامالىدىن ئاكا، بۇ ياققا كەل! كېۋىركامنىڭ شەھەردىن تېپىپ چىققان گەپلىرىنى يېقىن ئولتۇرۇپ، ياخشىراق ئاڭلاڭ! بەلكىم قىزىقىپ قالساڭ قېرىغىنىڭدا سەنمۇ شەھەرگە كىرىپ، بىر كورۇپ چىقارمىدىڭ،- دېدى ئۇ.

— جامالىدىن ئاكام غۇلجىغا كىرىپ چىققان كۈنى مەن ئۇرۇمچىگە بارارمەن،- دېدى كېۋىر دوغداق كۈلۈپ.

— نېمىدى؟ كىرسەم كىرنۇېرىمەن، قېنى سەن ئاۋال شەھەرگە كىرىپ، نېمىلەرنى كورگەنلىكىڭنى سوزلەپ باققىنا، مەن بىر ئاڭلاپ باقاي،- دېدى جامالىدىن ئاكا.

— ھە، بوپتۇ، گەپ قىلىپ بېرەي، ئاڭلا! دوگمەلىكە بېرىپ، بەراكاملارنىڭكىدە بىر كېچە قوندۇم. ساڭا سالام ئېيتتى. «جامالىدىنكامغا سالام ئېيتقىن، بىر كېلىپ كەتسۇن، قېرىپمۇ قالدى. شەھەر كورمەي، دۇنيادىن كوزى ئوچۇق كېتەمدۇ؟»- دېدى.

— بۇ ژىل خۇدا بۇيرىسا بارىمەن. قانداق، ئۇلار ئېچ ئامان ئۇرۇپتىمۇ؟ —دېدى جامالىدىن ئاكا.

— ھەممىسى ئېچلىق. بۇ قېتىم راسا قورۇۋان ھېيتقا ئولگۇرۇپ بېرىپتىمەن دېمەمسەن، بوپ كەتتى تاماشا. شەھەر ئىچىدىكى مەدرىسىنىڭ ئالدىدىكى ئاغراخانا دېگىنىڭ مىغ-مىغ ئادەم. ئىككى ئات قوشقان خادۇك هارۋۇلارغا ئولتىرىشۇالغان قىزلارنىڭ، ژىگىتلەرنىڭ چوقان- سورەنلىرىچۇ؟ ئۇرۇمچىدىن ئابدۇگۇل دېگەن بىر سۇنەيچى كەپتۇ. سۇنەي دېگىننى شۇنداق چالىدىكەنكى، قويىۋە. ئاغرىغا تەگكەش قىلىپ پۈتۈن ئون ئىككى مۇقامنى چېلىپ چىقىدېكەن. كۇچاردىن داۋاز كەلگەن ئېكەن. شەھەرگە ئەنچە بېرىپ ئوزەممۇ دار ئوينىغاننى كورۇپ باقمىغان ئېدىم.

كېۋىر دوغداق كېپىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن شۇ يەردە بىر دەقىقە توختاپ، ئەتراپتىكىلەرگە بىر قاراپ چىقتى. ھەممە ساددىلىق بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— داۋازنىڭ تىككەن دارى ئەق ئىككى تېرەك بويى كېلىدۇ. ئاتقان ئاغامچىسىمۇ بىلەكتەكلا بار. ئۇزۇنلۇقىمۇ يۈز غۇلاچ چىقار دەيمەن. داۋازنىڭ 7-8 ياشلىق ئوغلى ئۇزۇن چەگزىنى ئىككى قوللاپ كوتەرگىنىچە ئاغامچىدىن خۇددى يەردە ماڭغاندەكلا يورغىلاپ مېڭىپ كەتسە بولامدۇ، ھەممىمىز ئاغزىمىزنى ئېچىپلا قالدۇق.

كېۋىر دوغداقنىڭ ئېيىق ئويىنى، مايمۇن ئويىنى ۋە بىر تال قوزۇق ئۈستىدە ئۇچكە ئويناتقانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى جامالىدىن ئاكىنى قىزىقتۇرۇپ، شەھەرنى كورۇپ كېلىشكە دەۋەت قىلاتتى.

جامالىدىن ئاكا موشۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ 63 ژىل ياشاپتىكى ھازىرغىچە شۇ رايون تەۋەسىدىن سىرتقا چىقىپ باقماپتۇ. ئەگىمۇ باراتتى. ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان ئىككى خو يېرى ئۇيىنىڭ ئەتراپىدا، بېنەمدىمۇ بىر خوغا يېتەر- يەتمەس يېرى بار، ئۇمۇ ژىراق ئەمەس، نېرى بارسا بەش- ئالتە چاقىرىم كېلىدۇ. يەيدىغان نەرسىنىڭ بارلىغى ئوز يېرىدىن چىقىدۇ. كىيىم-كېچەكنى سودىگەرلەر ئەكىلىشىدۇ. چاي- تۇز قاتارلىق ئۇششاق- چۇشەك نەرسىلەر مانا بۇ ئابدۇلنىڭ دۇكىنىدا دايىم بار. پۇلۇڭ بولسا بولدى. خالىغىنىڭنى ئالىۋېرىسەن، پۇلۇڭ بولمىسىمۇ ساڭدا ئاشلىغىڭ بولسا بولدى. ئاشلىققا ھەممە نەرسىنى ئېگىشىۋېلىش مۇمكىن. ئادەملەرنىڭ ئوز مەلىسىدىن ژىراق جايلارغا كوپ بارماسلىغى بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈندۇر. مەلىدە شەھەر كورمىگەنلەردىن جامالىدىن ئاكا ئوخشاش قېرىلاردىن بىر قانچىسىلا قالغان ئېدى.

— ھوي، جامالىدىن ئاكا، سەنمۇ ئادەم بولغاندىن كېيىن شەھەرگە كىرىپ، بىرەر-ئىككى كۈن ئايلىنىپ چىقساڭچۇ! دېخانچىلىق، مال- ۋاران بولسا، قېچىپ كەتمەس. باللىرىڭمۇ چوڭ بولۇپ، ئەسقېتىپ قالدى،- دېدى ئاروپ ئاخۇن دېگەن كىشى كېۋىر دوغداقنىڭ ھېكايىسى تۈگىشى بىلەن.

—«كوزۇڭنىڭ بارىدا شەھەر كور، چىشىڭنىڭ بارىدا گوش يە» دەپتىكەن...

(ئاخىرى 4-بەتتە)

كوزۇڭنىڭ بارىدا...

كەن كوئىلار، شەھەرگەبىر كىرىپ چىقايمۇ يا؟—دېدى جامالىدىن ئاكا ھاياجانلىنىپ،— بىنەم پىشقىچە يېنىپ چىقمايمەنمۇ؟

— بېرىشىڭغا بىر كۈن، كېلىشىڭگە بىر كۈن كېتىدۇ، شەھەردە ئىككى كۈن تۇرساڭ بولدى— دە تورتىنچى كۈنى يېنىپ چىقىسەن،— دېدى كېۋىر دوغداقمۇ.

— بوپتۇ بولمىسا، ئەتىلا مېڭىپ كېتىمەن،— دېدى جامالىدىن ئاكا ۋە گويا ھازىرلا زورۇر تەرەددۇتلارنى باشلىۋېتىدىغاندەك ئورنىدىن تۇردى.

«جامالىدىن ئاكا غۇلجا شەھرىگە كىرىدىغان بوپتۇ» دېگەن خەۋەر پۈتۈن مەلىگە شۇ كۈنىلا تاراپ كەتتى. ئەتىسى جامالىدىن ئاكىنىڭ ئايالى كېلىنلىرى بىلەن نان— توغاچ يېقىشقا كىرىشتى. جامالىدىن ئاكىنىڭ ئۆيىگە مەلىدە ئەڭ قېرى كىشى ھېساپلانغان ھاسان بوۋا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھاسان بوۋا، سالامەتمۇ سەن، ئۆيىگە كىر!

— ۋائەلەيكۇم ئەسسالام، ياق، مەن ئۆيىگە كىرمەيمەن، مەشەدىنلا چىقمەن. سېنى غۇلجىغا چۈشكىدەك، دەپ ئاڭلاپ كىردىم. راس گەپمۇ؟— دېدى بوۋاي.

— ھە، راس گەپ. كوئىلار «كوزۇڭنىڭ بارىدا شەھەر كور، چىشىڭنىڭ بارىدا گوش يە» دەپتىكەن. مانا ياشىمۇ 60تىن ئېشىپ قاپتۇ. شەھەرگە كىرىپ بىر كورۇپ چىقاي دەيمەن.

— توغرا ئويلاپسەن، جامال ئوغلۇم،— دېدى ھاسان بوۋا، جامالىدىن ئاكىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ،— مانا مەن بۇ ژىل 97 ياشقا كىردىم. بىراق شۇ دېخانچىلىق، ئۆي، مال— ۋاران دەپ شەھەرگە كىرەلمەي ئومۇرنى ئوتكەزدىم. ئەندى ئات مىنىپ ئۇزۇن يولغا چىدىمىسام كېرەك. شەھەردە بىزنىڭ نەۋرە— چەۋرىلەر بار. بەرانىڭگە بارساڭ شۇلار بىلىدۇ. سالام ئېيتىپ قوي، ئالما— پالما، قۇرۇت— پۇرۇت سېلىپ بەرسۇن، ئالغاش كەت...

شۇنداق قىلىپ، ئۈچىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە جامالىدىن ئاكا تورۇق قاشقىغا مىنىپ، «غۇلجا قەيەردىسەن؟» دەپ يولغا چىقتى.

ئارىۋال تېغىنىڭ بېقىنى تەرەپتىن ئەندى باش كوتۇرۇپ چىقىۋاتقان كۈننىڭ قىپ— قىزىل نۇرىدىن يول ياقىسىدىكى تېرەكلەرنىڭ ئۇچىغا گويا ئوت تۇتىشىۋاتقاندەك كورۈنەتتى. ياز بىلەن كۈزنىڭ ئارىلىغىدىكى راسا ئىسسىق كۈنلەر بولىشىغا قارىماي، ئەتىگەندە سالقىن ئىدى. ئەكىشى پوپۇك چىقىرىپ كەتكەن كومۇقوناق شاخلىرىدا شەبنەم تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى.

دەرەقلىكلەر تۈگەپ، ئوچۇق ئېتىزلىققا چىقىشى بىلەن سەھەر سەلكىنىدىن جامال ئاكىنىڭ بويى ئەندىكەندەك بولدى. يولنىڭ سول تەرىپىدىكى بېدىلىكتە بودىنە سايراشقا باشلىدى، بىرسىنىڭ ئاۋازى توختىشى بىلەن سەل نېرىدىن ئىككىنچىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەكىشى باش چىقىرىپ تاختا بولغان بۇغدايلارنى كورۇپ، «بۇ ژىل ئاشلىق ياخشى، خۇدايىم بۇرىسا ئولكىدە بىر خوغا 40 خودىن، بىنەمدە بىرگە 60تىن ھوسۇل ئالساق كېرەك» دەپ ئويلىدى جامالىدىن ئاكا.

كوپ ئوتمەي قوناقلىقلارمۇ، بۇغداي ئېتىزلىرىمۇ، بېدىلىكلەرمۇ تۈگەپ ئەلمساقتىن بېرى بوش ياتقان چىغلىق باشلىنىپ كەتتى. پۈتۈن ئەتراپ جىم— جىت، ئالدىدا چەكسىز كورۈنگەن چىغلىق دالا ۋە ئىلان ئىزىدەك ئەگرى— بۈگرى ھارۋۇ يولى. تورۇق قاشقا بورە مېڭىشىدا بىر خىلدا سىلقىنا يورىتىپ كېتىۋاتاتتا. جانىۋار ئارىلاپ— ئارىلاپ، يول ياقىسىدىكى بىر چىغ تۈۋىدىن ئىككىنچى چىغ تۈۋىگە ژۈگرەپ ئوتكەن توشقانلارنىڭ ھەرىكىتىنى سەزگەندە، قومۇشتەك قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، بېشىنى ئېگىز كوتەرگىنىچە سەگەك تارتىپ قالاتتى.

جامالىدىن ئاكا زېرىكىشكە باشلىدى، ئەتىگەندىن بېرى مېڭىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ چىغلىقتىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇ تەرىقە يەنە بىر سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن يول ياقىسىدا يەنە بۇغدايزارلار كورۈنۈشكە باشلىدى. جامالىدىن ئاكىنىڭ كوڭلى ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. بۇغداي ئېتىزىدىن كېيىن قوغۇنلۇق كوزگە چېلىقتى. ھارۋۇ يولى بۇك سوگەتلىك تارغىنا يول بىلەن كىچىككىنە يېزىغا باشلاپ كىردى. ئىش ۋاقتى بولغانلىقتىنمۇ مەلىدە ئادەم كورۈنمەيتتى.

مەلىدىن چىقاي، دېگەندە بىردىنلا سول تەرەپتىن ژىغا— زېرە ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. جامالىدىن ئاكا يېقىنىراق كېلىپ، دەرۋازىسى ئورنىدا شاختىن توقۇلغان قاشا، سوقما تاملىرى كولىراپ، پاكاللاپ كەتكەن ھويلىدا ئادەملەر ئولۇشۇپ تۇرغىنىنى كوردى. بېلىغا ئاق باغلىغان ئىككى ئۈچ ئەركەك «ۋاي، دادام» دەپ ژىغلاۋاتاتتى. بىر ئىككى كىشى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىنازىغا ئاق يېپىۋاتاتتى.

«سەپەرگە چىققاندا يولدا تاۋۇت ئۇچرىسا يامان بولىدۇ» دەيدىغان،— دەپ ۋاھىمە بىلەن ئويلىدى جامالىدىن ئاكا ئوڭ قولى بىلەن ساقىلىنى سىلىغىنىچە پاتىھە ئوقۇپۋە— ئالدىمدىن توغرى چىقىپ قالمىغاندىن كېيىن ھېچ نەرسە بولماس» دەپ ئوزىنى خاتىرجەم قىلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن بەرىبىر كوڭلىگە غەشلىك ئورنۇشۇپ قالغان ئىدى.

يەنە ئازغىنە ژۇرگەندىن كېيىن مەلە تۈگەپ، ئېتىزلىقلار باشلىنىپ كەتتى، جامالىدىن ئاكا ئات ئۈستىدە چارچاشقا باشلىدى. ئۇ سەپەرگە يالغۇز چىققىنىغا پۇشايمان قىلدى.

ئۇ ئالچە ئېگىز بولمىغان توپىلىكتىن ئالقىشىغا ئالدى‌تەرەپتىن قويۇق دەرەقزار مەلە كورۈنۈپ قالدى. «غۇلجا دېگىنى بەلكىم شۇدۇر»،—دەپ ئويلىدى جامالىدىن ئاكا،— يەنە بىر ئاز غەيرەت قىلايچۇ».

شۇ تېرىقىدا غەيرەت قىلىپ، مەلىگە يېتەي، دەپ قالغاندا ئالدىدىن بىر ئاتلىق كىشىنىڭ ئوزىگە قارشى كېلىۋاتقانلىقىغا كوزى چۈشتى.

«غۇلجىغا قاراپ توغرى كېتىۋاتىمەنمۇ— يوقمۇ؟ شۇ كىشىدىن سوراپ كورىمەن» دەپ ئويلىدى.

—ھوي، بۇ مەھەممەتقۇ!—دەپ ۋاقىراۋەتتى جامالىدىن ئاكا ئاتلىق يېقىن كەلگەندىن كېيىن. ئۇ ئاياق مەلىلىك قۇدىسىنىڭ ئوغلى ئىكەن.

— ھوي، جامالىدىن ئاكاممۇسىز؟ قاياقتىن كۈن چىقتى؟— دېدى مەھەممەت ھەيران بولغان ھالدا،— يول بولسۇن!

— «كوزۇڭنىڭ بارىدا شەھەر كور» دەپتىكەن. بىنەم بۇغدايلار پىشىپ تەييار بولغىچە غۇلجىنى بىر كورۇپ كېلەي دېدىم.

— ئاھايىتى توغرى ئىش بوپتۇ. بىراق يولغا يالغۇز چىققىنىڭىز ياخشى بولماپتۇ—دە،—دېدى مەھەممەت،— ئىلگىرى كەلمىگەن ئادەم غۇلجىدەك چوڭ شەھەرنى ئەزىمگە كىرىپ بارغاندىن كېيىن يالغۇز تېنەپ، تۇققانلارلىنى تاپالماي ئاۋارە بولۇپ قالامسىزكىن دەيمەن؟

— ئاغزىم بولغاندىن كېيىن سورىمايمەنمۇ؟ —دېدى جامالىدىن ئاكا بوش كەلمەي.

— ھەر ھالدا شەھەر دېگەن شەھەردە، مەھەللىرى ئاھايىتى كوپ، ئۈچ ژىغان ئادەمدىن پالانىنىڭ ئويى قەيەردە، دېسىڭىز، ھېچ ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دوڭمەلە قەيەردە، سوراپ تېپىۋېلىڭ، دوڭمەلىگە بېرىۋالغاندىن كېيىن بەراكامنى سورايسىز.

جامالىدىن ئاكا بىردىن ئويلىنىپ قالدى.

—ئەندى يولنىڭ بۇ ياغى قانچىرەك قالدى؟ ئاز قالغاندۇ؟— قىزىقىپ سورىدى ئۇ.

— دەل يېرىم يولغا كەلدىڭىز،— دېدى مەھەممەت،— يەنە شۇنچىلىك قالدى. توختىماي ماڭسىڭىز كۈن پاتقىچە يېتىۋالىسىز.

— ۋاي بوي...، —دەپ پېشانىسىغا بىرنى ئۇردى جامالىدىن ئاكا،— كۈن ئولتارغىچە دەمسەن، ئاڭغىچە كىم بار، كىم يوق...

شۇ گەپلەردىن كېيىن جامالىدىن ئاكا قەتئىي بىر قارارغا كەلگەندەك بولدى.

— خۇدايىم سېنى خوي يولۇقتۇردى جۇمۇ،— دېدى ئۇ، ياخشىسى مەن سېنىڭ بىلەن بىللە ئويگە كېتىۋالاي،..

— ھوي، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئومرىڭىزدە بىر قېتىم يولغا چىققاندا... بۇ يېقى يەر تۈۋىنى... بەلكىم كۈن ئولتارماي يېتىۋالارسىز،— دېدى مەھەممەت جامالىدىن ئاكىنىڭ كوتۇلمىگەن بۇ قارارىدىن مەڭدەپ.

لېكىن ئەندى جامالىدىن ئاكىنىڭ قۇلىغىغا گەپ كىرمەتتى. ئۇ تورۇق قاشقىنىڭ بېشىنى كەينىگە دەررۇ بۇرىدى. ئاتمۇ ئويىگە قايتماقچى بولغانلىقىنى سېزىپ، يېنىككىنە يورۇتۇپ ژۇرۇپ كەتتى.

جامالىدىن ئاكىنىڭ ۋاھىمىگە تولغان ژۈرىگى بىردىنلا يېنىكلەپ، كوڭلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

«مەلىدىكىلەر بۇ ئولەمەن قېرى غۇلجىغا يېتەلمەي يېرىم يولدىن قايتىپ كەپتۇ، دەپ زاڭلىق قىلىشى مۇمكىن،— دەپ ئويلىدى ئۇ،— لېكىن ئۇزۇتۇڭغا، يەنە كېلىپ يېقىن كىشىڭنىڭ ھەمرالىغىدا ئوز ئويۇڭگە قايتىش قانداق ياخشى...».

سپورت

«دوستلۇق» مۇسابىقىسى

يېقىندا ئەمگەك قىزىل تۇغى ئوردېنلىق كىروۋ نامىدىكى قازاقستان دولەت دارىلفۇنۇنىنىڭ سپورت كومپلېكسىدا ئوتتۇرا ئازىيە ۋە قازاقستان جۇمھۇرىيەتلىرى تەن— تەربىيە ئالىي بىلىم يۇرتلىرى بوكسچىلىرىنىڭ ئوز ئارا «دوستلۇق» مۇسابىقىسى بولۇپ ئوتتى. مۇسابىقە يەكۈنىدە قازاقستانلىق بوكسچى ستۇدېنتلار بىرىنچى ئورۇننى، قىرغىزستانلىقلار 2— ئورۇننى، تۈركمەنستانلىقلار بولسا، 3— ئورۇننى ئىگىلىدى. قازاقستانلىق ئېرە پەلەي ماھىرلىرى— س. ئۇنايىدىن، ر. خالتايېۋ، ت. بېردىبايېۋ، ر. يانايېۋ ۋە ئا. ئورلوۋلار ئوزلىرىنىڭ چىرايلىق ۋە دادىل ئويۇنلىرى بىلەن سپورت ئىشقىۋازلىرىنى خوشال قىلدى.

مۇسابىقە ژيۈرى ئەزالىرى غالىپلارنى پەخرىي گراموتا ۋە ئاخچىلىق مۇكاپاتلار بىلەن تەغدىرلىدى.

ئېرشات ئەسمەتوۋ،
قازاقستان دولەت دارىلفۇنۇنىنىڭ ستۇدېنتى.

مەككىگە سەپەر

ئېلىمىزدا كەڭ قانات يايغان قايتا قۇرۇش، ئاشكارىلىق ۋە دېموكراتىيەنىڭ ئارقىسىدا سوۋېت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەۋەرۈك مەككە— مەدىنىگە ھەج سەپىرىگە كەڭ يول ئېچىلماقتا. بۇنىڭدىن بارلىق مۇسۇلمانلار چەكسىز مىننەتدار بولماقتا.

بىيىل ئوزبەكستان جۇمھۇرىيىتىدىن ھەج سەپىرىگە 650 كىشى مېڭىش ئالدىدا تۇرىدۇ. جۇمھۇرىيەت پرېزىدېنتى ئى. ئا. كەرىموۋ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەخسۇس پەرمان چىقىرىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئىككى «ئىل—86» سامولىيوتىنى ئاجرىتىپ بەردى. سەپەر 12—ئىيۇلدىن 30— ئىيۇنغىچە بەلگۈلەنگەن.

ئوتكەن ژىلى ھەجگە سەپەر قىلغان ھەر بىر كىشى ئۈچۈن7200سوم سەرىپ قىلىنغان بولسا، بىيىل ئۇ 35 مىڭ سومغا يەتتى.

ھ.ئىسلاموۋ.
تاشكەنتشەھىرى.

مىننەتدارلىق

سويۇملۇك گېزىتلىرىمىز «ئۇيغۇر ئاۋازى» ۋە «يېڭى ھايات» تەھرىراتىنىڭ بارلىق خادىملىرىغا، ئىنىمىز ھېبىبۇللا يۇنۇسنىڭ ئىشداش، قەلەمداش، مەسلەكداش دوست—بۇرادەرلىرىگە!

سىلەر كويۇمچان ھېبىبۇللانىڭ ۋاپاتىدا بىز بىلەن بىللە بولۇپ، ھالىمىزغا يېتىپ، دەردىمىزنى تەڭ تارتىپ، قايغۇمىزغا شېرىك بولدۇڭلار ...

ئەڭ مۇھىمى 1991—ژىلى 31—ماي كۈنى ھېبىبۇللا يۇنۇسنىڭ ئىسمىنى مەڭگۈلەشتۇرۇش نىيىتىدە ئۇنىڭ روھىنى خۇش قىلىپ، قەبرى ئۈستىگە قارا مەرمەردىن خاتىرە تاش ئورناتتىڭلار. بۇ ئېزگۈ، ساۋاپلىق ئىشىڭلار ھېبىبۇللانىڭ بالا—چاقىسىنىڭ، ئاكا— ئۇكىلىرىنىڭ ۋە قومى—قېرىنداشلىرىنىڭ مەڭگۈ ئەسلەش ئۈچۈن ژۈرەك قېتىدا قالدى.

ھورمەتلىك رېداكسىيە خادىملىرى، ھېبىبۇللا يۇنۇسنىڭ ئائىلىسى، قومى—قېرىنداشلىرى بۇ ئېزگۈ ئىشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، تېنىڭلارغا ساقلىق، ئىشىڭلارغا مۇۋاپپەقىيەت، ئائىلەڭلارغا خاتىرجەملىك تىلەپ، چوڭ مىننەتدارلىغىمىزنى بىلدۈرىمىز.

ھېبىبۇللا يۇنۇسنىڭ بالا— چاقىسى، ئۇرۇق— تۇققان، قومى— قېرىنداشلىرى.

مۇھەررىر ئا. قاسىموۋ

يېڭى ھايات
ئالمۇتا، 480044
ئىپەك يولى كوچىسى،
50—ئۆي 8—قەۋەت

گېزىتنى تەسىس قىلغۇچى:
قازاقستان سسج مىنىستىرلار كابىنېتى.

گېزىت ئوفسېت ئۇسۇلى بىلەن بېسىلدى. بىر باسما تاۋاق.

تېلېفونلار: مۇھەررىر— 69—86—33، مەسئۇل كاتىپ— 50—86—33، پارتىيە بولۇمى— 81—86—33، ئىختىسات بولۇمى—06—86—33، ئەدەبىيات بولۇمى— 27—86—33، مەدەنىيەت بولۇمى— 01—92—33.

زاكاز (2444) تىراژ 8250

«Йени хаят» («Новая жизнь») индекс 653593: приложение Республиканской Социально-политической газеты на уйгурском языке «Уйгур авази» выходит — по вторникам, четвергам и субботам.
Ордена Трудового Красного Знамени типография Издательства ЦК Компартии Казахстана.
г. Алма-Ата, 480044. Проспект Ленина, 24.

ПОГ-60